# شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر

# 新疆文史



1993

1



ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتى 1990 - يىلى 4 - دېكابىردا
مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى بىلەن
تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقاتىنىڭ
ئەزالىقىغا يېڭىدىن بىر قىسىم
كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ ۋەزى-
پىگە تەيىنلىدى ۋە گۇۋاھنامە
تارقىتىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.



مۇراسىمغا ئاپتونوم رايونلۇق
پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىدىن
بىر قىسىم رەھبىرىي يولداشلار
قاتناشتى، ئاپتونوم رايونلۇق
خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن
باش كاتىپى مۇھەممەت ئىسمايىل
مۇراسىمغا رىياسەتچىلىك قىلدى.



سۈرەتتە: يېڭىدىن تەكلىپ
بىلەن ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن
ئەزالارغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ
بېرىلمەكتە.

# شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر

ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى،
ش ئۇ ئا ر تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتىنىڭ
ئامىمىي ژۇرنىلى

1993 ·
1 - سان

تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى: مۇھەممەت ئىسمايىل
مۇئاۋىن مۇدىر: ئابدۇمەنناپ ئەبەۋ

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئۇيغۇر ئېلىپبەسى تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇكېرىم راخمان، ئابدۇشۈكۈر يالقۇن، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، توختى باقى، چېڭ شىمىن، خالىق ساقى، قادىر ئەكبەر، قادىر ھاپىز، لى جىڭشى، نېغمەت مىنجانى، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

باش مۇھەررىر: ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: م . رازىيوف
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەمرايىم ياقۇپ

## ھۆرمەتلىك كىتابخان:

«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى سىزگە قىزغىن سالام يوللايدۇ!

ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتى تەھرىرلىكىدىكى خەنزۇچە «شىنجاڭ ۋېنسى» (شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى) ژۇرنىلى 1984 - يىلدىن باشلاپ بىر نەچچە سان چىقىرىلغان بولسىمۇ، ئادەم كۈچىنىڭ كەملىكى تۈپەيلى، ئۇزاققا بارماي نەشىردىن توختاپ قالغانىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى تارىخىي ماتېرىياللار خىزمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، 1990 - يىلى ھەرقايسى مىللەتلەر ئىچىدىكى پېشقەدەم ئىلىم ئەھلىلىرىدىن سەككىز كىشىنى تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئەزالىقىغا يېڭىدىن تەكلىپ قىلدى. شۇنىڭ بىلەن «شىنجاڭ ۋېنسى» ژۇرنىلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ئۇيغۇر تىلىدىمۇ نەشىر قىلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. بىراق، 1991 - يىلى «مەملىكەتلىك تارىخىي ماتېرىياللار مەجمۇئەسى»نىڭ شىنجاڭ جىلدىنى ئىشلەشكە توغرا كەلگەنلىكتىن، ژۇرنىلىمىز يەنە بىر يىل كېچىكىپ، كىتابخانلار بىلەن ئەمدى يۈز كۆرۈشمەكتە.

«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلى پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى يېتەكچىلىكىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋى قۇرۇلۇشقا خىزمەت قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تارىخىي ۋە مەدەنىي مىراسلىرىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش ئىشلىرىنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشىگە ھەمكارلىشىدۇ، كونكرېتراق قىلىپ ئېيتقاندا، تارىخىي ۋەقەلىكلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر ھەققىدىكى ئەسلىمىلەرنى، خەلق ئارىسىغا تارالغان رىۋايەتلەر، تارىخىي ناخشا - قوشاقلار، گۈزەل - سەنئەت (رەسىم، ھۆسن خەت، نەققاشلىق، ئويمىكارلىق) ئەسەرلىرىنى، ئېتنوگرافىيىگە دائىر ماتېرىياللارنى ئېلان قىلىپ، ئەۋلادلارغا تارىخىي بىلىم تەربىيىسى بېرىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا ھەسسە قوشۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كەڭ كىتابخانلارنىڭ يۇقىرىدىكى ساھەلەر بويىچە ماقالىلار يېزىپ، بىزگە يېقىندىن ياردەم بېرىشىنى ۋە ژۇرنىلىمىزغا تەنقىت ھەم تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. رەھمەت!

«شىنجاڭ تارىخىدىن تەرمىلەر» ژۇرنىلىنىڭ
تەھرىر بۆلۈمى

# مۇندەرىجە


تەھرىر سۆزى

## تارىخىي شەخسلەر

تالانتلىق ئايال سىياسىيون مېھرىبانۇ خېنىم ............... سەمەت ئەسرا 1
ئاتاقلىق ئۆزبېك شائىرى فۇرقەت شىنجاڭدا ........ نېمىتىللا ئەبەيدۇللا 6
فەن ياۋنەننىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى .................. لۇ شاۋۋېن 11
تەرەققىيپەرۋەر زىيالىي نامان ئەپەندى ................ ئەسقەر ئەيسا 46

## ئەسلىمىلەر

«چارۋىچىلار قوشىقى» نىڭ نەشرىگە قوشۇمچە —
— قازاق شائىرى قالمان توغرىسىدا ئەسلىمە ............... ۋاڭ ۋېي 49
زېڭ ۋىنئۇۋنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى ..................... كاڭ ۋېنيۇ 53

## تارىخ ۋە يۇمۇر

ئۇيغۇرلار يۇمۇرغا باي خەلق .................... ئابدۇكېرىم راخمان 54
ئالىم ۋە ئەدىپلىرىمىز ھەققىدە يۇمۇرلۇق ھېكايىلەر ...... ھاجى ئەخمەت 58

## ماتېرىيال ساندۇقى

قەيس مازىرى ............................. ئابلىز ئىسمائىل 60
قەشقەر يېڭىشەھەرنىڭ پەيدا بولۇشى ........... ئابلەت ئابباس قۇربانى 62
رابىيە - سەئىدىن ۋە «قوشماق مازار» ......... ئابلەت ئابباس قۇربانى 64
قۇمۇل قوغۇنى خانبالىقتا ......................... سەمەت ئەسرا 66
ھاڭگىتېرەك ۋە ئۇنىڭدىن ياسىلىدىغان لازىمەتلىكلەر ...... مۇھەممەت مۇسا 69

## ئېتنىگرافىيە

چارۋىچىلارنىڭ ھاۋا رايىدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى ...... مۇھەممەت ھەسەن 71
ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى دىنىي مۇزىكا ............... سەپەر ھۇسەيىن 72
ئۇيغۇرلارنىڭ يەر ناملىرىنى قوللىنىش ئادىتى ......... سۇلتان مەھمۇت 74

# 目　录

创刊词

人物述评

女政治家　麦菇琳福晋……色买提·艾斯拉
著名乌孜伯克诗人福尔卡提在新疆……乃木吐拉
樊耀南传略……罗绍文
进步人士乃曼先生……艾司卡尔·艾沙

史话回忆

巳版“游牧之歌”补遗……王为一
曾问吾皈依依斯兰教……康文煜

历史与幽默

维吾尔族———善于幽默的民族……阿·热合曼
文人幽默故事……阿吉·艾合买提

史料之箱

凯丝麻札……阿不列孜·司马义
疏勒城之建成……阿·阿巴斯
热比亚——赛丁之墓……阿·阿巴斯
哈密瓜在北京……色买提·艾司拉
南疆杨木餐具……买买提·木沙

民俗风情

牧民土法观测气象……买买提·艾山
维吾尔族传统宗教音乐……色帕尔·胡赛音
维吾尔族习用地名法……苏力旦·马合木提

# تالانتلىق ئايال سىياسىيون مېھرىبانۇ خېنىم

سەمەت ئەسرا

قۇمۇل دىيارىدا ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال ۋاڭلىق تۈزۈم جەريانىدىكى ئون ئەۋلاد ۋاڭلار ئىچىدە مېھرىبانۇ خېنىمدەك بىر مەشھۇر ئايال سىياسىيونمۇ ئۆتكەن.

مېھرىبانۇ خېنىم خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، بىلىملىك ۋە تەدبىرلىك سىياسىيون بولغاچقا، ئەينى چاغدا قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا يۇقىرى ئابرويى قازانغان. مېھرىبانۇ خېنىم گەرچە بىر فېئودال ھۆكۈمران بولسىمۇ، يەنىلا قۇمۇل تارىخىنىڭ بىر بېتىدىن ئىجابىي شەخس سۈپىتىدە ئورۇن ئېلىشتا ھەقلىق.

1820 - يىلى مۇھەممەت بېشىر قۇمۇلنىڭ ۋاڭلىق ھوقۇقىنى قولغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ دەۋرى ۋاڭلىقنىڭ خەزىنىسى راسا توشقان مەزگىللەر بولۇپ، خەزىنىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ سانى قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ ھەر قانداق دەۋرىگە قارىغاندىمۇ، سېلىشتۇرۇپ بولمايدىغان دەرىجىدە كۆپ بولغان. مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ شەرقىي شىنجاڭ تارىخىدىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، قۇمۇل خەلقى ئۈچۈن نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلغان: مەكتەپ - مەدرىسەلەرنى بىنا قىلغان، كۆپلىگەن ئالىملارنى تەربىيىلىگەن، كۆپلىگەن دىۋانلارنى تۈزگەن («باياز» ناملىق توپلام بۇنىڭ بىر مىسالى)، مىللىي تىبابەتچىلىكنى راۋاجلاندۇرغان، ئېتىز - ئېرىق، باغ - ۋاران ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، سۇ يوللىرىنى راۋانلاشتۇرغان...

1826 - يىلى 1 - ئاينىڭ 29 - كۈنى (داۋگاڭنىڭ 5 - يىلى 12 - ئاينىڭ 22 - كۈنى) چىڭ ئوردىسىدىن چۈشۈرۈلگەن يارلىققا بىنائەن، ئىلىنىڭ 6 - دەرىجىلىك مىراپ بېگى خالزات بەگ بېيجىڭغا كېتىۋېتىپ قۇمۇلغا كەلگەندە بېشىر ۋاڭنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولىدۇ. خالزات بەگ، بېشىر ۋاڭنىڭ ئايالى بۇۋىھەجەرنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ قىزى مېھرىبانۇنى بېشىر ۋاڭغا لايىق كۆرىدۇ. مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان بېشىر ۋاڭ ئىنتايىن مەمنۇن بولىدۇ. خالزات بەگ بېيجىڭدىن قايتقاندا قۇمۇلدا يەنە بىر مەزگىل سەيلى - ساياھەت قىلغاچ بېشىر ۋاڭ بىلەن توي ئىشى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىدۇ. خالزات بەگ قايتار چاغدا بېشىر ۋاڭ كۆپلىگەن سوۋغا - سالام بىلەن ئۇنى «توسقا» دېگەن جايغىچە ئۇزىتىپ قويىدۇ. قۇمۇل بىلەن ئىلى ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلەر ئىككى قېتىم بېرىپ - كېلىپ، توي تەييارلىقى پۈتكەندە، قۇمۇلدىن 60 ئەر - ئايال ئىلىغا بارىدۇ. بۇ قېتىم بېشىر ۋاڭ ئۆزى بارماي ئەتىۋارلىق خەنجىرىنى ئەۋەتكەن بولسىمۇ توي مۇراسىمى ناھايىتى داغ - دۇغىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ بەگلىرى ئوردا رەسمىيىتى بويىچە مانجۇچە كىيىنىپ بارغانلىقى ئۈچۈن مېھرىبانۇ خېنىمنىڭ ئانىسى سومانىخان

قۇمۇل ۋاڭلىقىنىڭ بەگلىرىنى مۇنداق قوشاققا قاتقان؛

قاتار - قاتار كۆرۈنگەنلەر خۇمدان ئوخشايدۇ،
قۇمۇلدىن كەلگەن بەگلەر تۆڭگان ئوخشايدۇ.

مېھرىبانۇ خېنىم قۇمۇلغا كۆچۈرۈپ كېلىنگەندىن كېيىن قۇمۇلدىمۇ ناھايىتى زور توي ئۆتكۈزۈپ بېرىلىدۇ (مېھرىبانۇنى كۆچۈرۈپ كېلىشكە ئىلىدىنمۇ 60 ئەر - ئايال كەلگەن ئىكەن). كېيىنكى كۈنلەردە خالزات بەگ بېشىر ۋاڭ بىلەن بولغان تۇغقانچىلىقنى كۈچەيتىش ئۈچۈن 30 ئائىلىلىك قۇمۇللۇقنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىققان. بۇ كىشىلەر ئىلىنىڭ خۇدىيايۈزىگە قاراشلىق ئاق ئۆستەڭنىڭ جەنۇبىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، بۇ جاي «قۇمۇللۇقلار مەھەللىسى» دەپ ئاتالغان.

مېھرىبانۇ خېنىم قۇمۇلغا كەلگەندىن كېيىن، بىر مەزگىلگىچە كۆڭلىرىنى ئۆز يۇرتىنى، تۇغقان - قېرىنداش، يارۇ - بۇرادەرلىرىنى سېغىنىش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ كېيىنچە قۇمۇلغا كۆنۈپ قالىدۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مېھرىبانۇ خېنىم قۇمۇل خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈل، چىقىشقاق، مېھماندوست، سەنئەتخۇمارلىقىنى بىلىپ، قۇمۇل خەلقىغە ئالاھىدە مۇھەببەت باغلاپ قالىدۇ.

مېھرىبانۇ خېنىم ۋاڭ ئوردىسىغا كىرگەندىن كېيىن بېشىرۋاڭغا مەسلىھەت كۆرسىتىپ، ئۇنى نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ، بۇ چاغلاردا قۇمۇل دىيارى ناھايىتى گۈللەنگەن بىر دەۋرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

1866 - يىلى يازدا خى لاۋۋا ئاتلىق بىر خۇيزۇ بىلەن سۇپۇرگە بەگ، يۇسۇپ پاكارلار (بېشىر ۋاڭ تەرىپىدىن ئەملى ئېلىپ تاشلانغانلار) بىرلىشىپ مەنچىڭ خانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىدۇ. بېشىر ۋاڭ مەنچىڭ خانلىقى ئەسكەرلىرى بىلەن بىرلىشىپ قوزغىلاڭنى رەھىمسىز باستۇرۇپ، ھېيتگا مەسچىتىگە توپلىشىۋالغان مىڭدەك خۇيزۇ پۇقرانى قىرىۋېتىدۇ. ئۈرۈمچى شەھىرىنى كونترول قىلىۋالغان تودېلىڭ (داۋۇت خەلىپە) دېگەن خۇيزۇ، قۇمۇلدىكى قىرغىنچىلىقنى ئاڭلاپ 3 مىڭ ئەسكەرنى قوراللاندۇرۇپ سۇپۇرگە بەگ، يۇسۇپ پاكارلارغا يول باشلاتقۇزۇپ مەنچىڭ ئەسكەرلىرى ۋە بېشىر ۋاڭدىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا يۈرۈش قىلىدۇ. ئۇلار تۇغچىدىن قۇمۇل شەھىرىگىچە بولغان 70 كىلومېتىردىن ئوشۇق ئارىلىقتىكى يېزا، كەنت، مەھەللىلەرنى بۇلاپ، ئوت قويۇپ، ئاياللارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىغا تېگىپ، دەل - دەرەخ، باغ - ۋارانلارنى كېسىپ قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمايدۇ. بېشىرۋاڭنى ئەسىر ئېلىپ 40 كۈن سوراق قىلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىدۇ؛ ئۇ 1867 - يىلى 2 - ئايدا ئابدۇللا بەگ، باقى بەگ، سىدىق بەگ ،سېلىم بەگ قاتارلىق بەگ — سىپاھلىرى بىلەن بىللە قەتلى قىلىنىدۇ. كېيىن چىڭ سۇلالىسى «بېشىر ۋاڭ خانلىققا،ۋەتەنگە سادىق بولۇپ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنىڭغا چىڭۋاڭلىق ئۇنۋانى بېرىلسۇن، بېشىرۋاڭ بىلەن بىللە قەتلى قىلىنغان بەگلەر ئۈچۈن خاتىرە مۇنارىسى تىكلەپ بىر يىلدا بىر قېتىم ئۇلارنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلسۇن. قۇمۇل ۋاڭلىقىنى بېشىرۋاڭنىڭ ۋارىسى غولام مۇھەممەت ئۆتكۈزۈۋالسۇن» دېگەن يارلىقنى چۈشۈرىدۇ. غولام مۇھەممەت تۇغما پالەچ بولغاچقا

ۋاكىلىق ھوقۇقىنى مېھرىبانۇ ۋەكالىتەن باشقۇرىدۇ؛ 1869 - يىلى غۇلام مۇھەممەت ۋاپات بولغاندىن كېيىن چىڭ خاندانلىقىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن مېھرىبانۇ ۋاكىلىقنى رەسمىي ئۈتكۈزۈۋالىدۇ.

مېھرىبانۇ يېڭى تەختكە چىققان يىللار قۇمۇل خەلقى ئېغىر كۈنلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان چاغلار ئىدى. مېھرىبانۇ خېنىم زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قۇمۇل ۋاكىلىقىنىڭ ئاپپاراتلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. قۇمۇل خەلقى يېغىلىقتا ۋەيران بولغان ئىگىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقان بىر پەيتتە يۈننەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن داخو، شوخولار (بەيياڭخولار) چىڭ سۇلالىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن شىنجاڭغا قېچىپ چىقىدۇ. بەيياڭخولار 1874 - يىلى 8 - ئايدا قۇمۇل شەھىرىنى قورشىۋالىدۇ. مېھرىبانۇ ئۇيغۇر شەھىرىنى تاقىۋېلىپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئىچكى ساتقۇنلارنىڭ خائىنلىقى تۈپەيلىدىن، داخو، شاۋخولار شەھەرنى ئىشغال قىلىدۇ. ئۇلار مېھرىبانۇ خېنىم باشلىق بىر قانچە مىڭ ئادەمنى قۇمۇلدىن جەنۇبىي شىنجاڭ تەرەپكە سۈرگۈن قىلىدۇ. سۈرگۈن قىلىنغانلار تۇرپان، توقسۇن، كورلا، بۈگۈر، كۇچا، ئاقسۇ قاتارلىق يۇرتلاردا سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرىدۇ. شۇ قاتاردا مېھرىبانۇ خېنىم بۈگۈر يېڭىساردا تۇرۇپ قالىدۇ. بىراق ھېلىقى سۈپۈرگە بەگ بىلەن ئۇنىڭ ئايلى ۋە يۈسۈپ پاكار دېگەنلەر مېھرىبانۇ خېنىمنى بۈگۈر يېڭىساردىن ئىزلەپ تېپىپ مال - مۈلكىنى تارتىۋېلىپ يامان سۆزلەر بىلەن ھاقارەتلەيدۇ. قۇمۇل تەرەپتە خانلىق ئەسكەرلەر ۋاڭ ئوردىسىنى تالان - تاراج قىلىپ كۆيدۈرۈپ، خەلقىنىڭ ئۆي - ۋاقلىرىنى بۇلاپ ئوت قويۇپ ئىچكىرىگە تىكىۋېتىدۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭدا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن مېھرىبانۇ خېنىم يەرلىك بەگلەردىن ياردەم سوراپ چېچىلىپ كەتكەن قۇمۇل خەلقىنى ئەتراپقا يىغىپ خەلقىنى قۇمۇلغا قايتىشقا ئۇيۇشتۇرىدۇ.زور تىرىشچانلىقلاردىن كېيىن 50% كىشى مېھرىبانۇ بىلەن بىللە قۇمۇلغا قايتىپ كېلىدۇ. بۇ چاغدا قۇمۇل ۋەيرانچىلىق ئىچىدە بولۇپ سۇ مەنبەلىرى ئۈزۈلگەن، دەل - دەرەخلەر قۇرۇپ كەتكەن، ئېتىزلار ئاق قالغان، شەھەر ئىچى ئادەمسىز، ئۆي - ئىمارەتلەر كۆيدۈرۈلگەن، ۋەيرانە، قورقۇنچلۇق ھالەتتە ئىدى. يېغىلىقتىكى قىرغىنچىلىق، ئاچارچىلىق، يۇقۇملۇق كېسەل، قاچ - قاچ تۈپەيلىدىن قۇمۇل ئاھالىسىنىڭ يېرىمى ئازىيىپ كەتكەنىدى. بۇ قۇمۇل تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئېچىنىشلىق ۋەقە «بەيياڭخو يېغىلىقى» كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەت ئىدى.

مېھرىبانۇ ۋاڭ قۇمۇلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يۇرت ماكانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇنىڭ جىددىي ۋەزىپىسى بولۇپ قالىدۇ. ئالدى بىلەن، ئۇ جىددىي كېرەكلىك بولغان يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ۋاقىتلىق تۇرالغۇ جاي قاتارلىقلارنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چىڭ خاندانلىقىدىن ئىقتىسادىي ياردەم سوراپ ئالىدۇ. ئاندىن مەخسۇس ئادەم تەشكىللەپ ھارۋا، ئات، تۆگە قاتارلىقلار بىلەن گۇچۇڭ، تۇرپان، پىچان، توقسۇن قاتارلىق جايلاردىن ئاشلىق يۆتكەپ كېلىپ خەلقىنى پىلانلىق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئۇلاپلا كىيىم - كېچەك ۋە تۇرالغۇ جاي مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە ۋاكىلىق تەشكىلىي ئاپپاراتىنى دەسلەپكى قەدەمدە قۇرۇپ چىقىدۇ، ھەرقايسى يېزىلارغا ئەمەلدار تەيىنلەپ، خەلققە بۇرۇنقىغا قارىغاندا بىر قەدەر ئادىل

سىياسەتلەرنى يۈرگۈزدى. مېھرىبانۇ ۋاڭ ئاق قالغان يەرلەرنى دېھقانلارغا بۆلۈپ بېرىپ، ئۇلارغا يەنە دېھقانچىلىق قوراللىرى، ئۇرۇقلۇق ئاشلىق تارقىتىپ تېرىقچىلىققا رىغبەتلەندۈردى. تاشلىنىپ قالغان 10 مىڭ مودىن ئارتۇق ھۆكۈمەت يېرىنى ئادەم تەشكىللەپ تېرىتىپ، چىققان ئاشلىقنى «گادايلار سېكى»غا كىرگۈزدى. بۇ ساڭغا مەسئۇل ئەمەلدارلار تەيىنلەپ، دەسلەپكى يىللاردا گادايلار سېكىدىكى ئاشلىقتىن كۈنىگە نەچچە مىڭلاپ نان ياققۇزۇپ شەھەردىن يېزىغا ماڭغان تېرىقچىلار ۋە ئۇلارنىڭ بالا - چاقىلىرىغا تارقىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئىش ئۈچ - تۆت يىل داۋاملاشقان، خەلقنىڭ ھال - ئوقىتى بىر ئاز ياخشىلانغاندىن كېيىن «گادايلار سېكى»نىڭ ئاشلىقى پەقەت تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل، غېرىپ - مۇساپىرلار، ئاجىز ئىگە چاقىسىز قېرىلارغىلا تارقىتىپ بېرىلىدىغان بولىدۇ. بۇ تۈزۈم 1930 - يىللارغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن.

مېھرىبانۇ خېنىم ئاق قالغان، تاشلىۋېتىلگەن يەرلەرنىڭ ئىگىسىنى تاپقۇزۇپ كېلىپ يەرنى مەجبۇرىي تېرىتقان، تېرىشقا قۇربىتى يەتمىگەنلەرگە ۋاڭ ئوردىسىدىن ياردەم قىلغان. مېھرىبانۇ خېنىم، تاشلىنىپ قالغان سۇ يوللىرى، بۇلاق كۆزلىرى، كارىزلارنى قايتا ياستىپ سۇ مەنبەلىرىنى ئېچىپ، سۇغىرىش ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن.

مېھرىبانۇ ۋاڭ خېنىم ھەمىشە تۆۋەنگە چۈشۈپ ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەتلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرغان. خەلقنىڭ دەردىنى ئاڭلاپ زالىم بەگ، دورغىلارنى، پارىخور ئەمەلدارلارنى، خەلقنى قاقتى - سوقتى قىلغان جازانىخور سودىگەرلەرنى تېگىشلىك جازاغا تارتقان. ئۇ يەنە خەلقنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن قۇمۇلنى ۋەيران قىلىشتا جىنايىتى ئېغىر بولغان سۇپۇرگە بەگ، يۇسۇپ پاكار قاتارلىقلارنى تۇتقۇزۇپ كېلىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ خەلقنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەرگەن.

مېھرىبانۇ ۋاڭ، مەرىپەتپەرۋەر ئايال بولغاچقا، يېغىلىقتا ۋەيران بولغان مەكتەپ، مەدرىسلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن. ئوردا كىتابخانىسىنى قايتا قۇرۇپ، يوقالغان، كۆيۈپ كەتكەن كىتابلارنى تولۇقلاش بىلەن بىللە يېڭى كىتابلارنى كۈتۈپخانىغا ئالدۇرغان. كۈتۈپخانىدا پارس، چاغاتاي، خەنزۇ، ئۇيغۇر، مانجۇ تىللىرىدىكى مول مەزمۇنلۇق نەپىس كىتابلار ساقلانغان. ئۇ يەنە مىللىي تىبابەتچىلىكنى يېغىلىقنىڭ ئالدىدىكى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بىر قىسىم تېۋىپلارنى تەربىيىلىگەن؛ قۇمۇلدا تارقىلىپ يۈرگەن يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنى يوقاتقان ياكى ئۇلارنىڭ زىيىنىنى ئازايتقان.

مېھرىبانۇ ۋاڭ قۇمۇل بىلەن ئىچكىرىنىڭ، قۇمۇل بىلەن شىمالىي ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ سودا يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ سودا - سېتىقنى جانلاندۇرغان.

يۇقىرىقى بىر قاتار تەدبىرلەر بىلەن قۇمۇل خەلقىنىڭ ئەھۋالى تېز ئوڭشىلىپ يۇرت گۈللىنىشكە باشلايدۇ. مېھرىبانۇ خېنىم ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ۋاڭلىق ھوقۇقىنى كىمگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش توغرىسىدا كۆپ ئويلىنىدۇ. مېھرىبانۇ، مەھەممەت بېشىرۋاڭدىن ئوغۇل پەرزەنت تۇغمىغان بولۇپ ئىككى قىزىلا بار ئىدى. چوڭ قىزى ئۆلۈپ كېتىپ، كىچىك قىزى ئۆز ۋاقتىدا بېشىرۋاڭنىڭ تەيجىسى ھەم يېقىن تۇغقىنى بولغان تاجىدىن تەيجىنىڭ ئوغلى مەخسۇت بەگكە ياتلىق قىلىنغانىدى. شۇڭا مېھرىبانۇ،

ئورددا باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان كۆيئوغلى مەخسۇتنى ۋاڭلىق ئىشلىرىنى يار دەمچىلىككە تاللايدۇ، ھەممە خانغا «مەن ئايال كىشى، ياشىنىپ قالدىم كۆيئوغلۇم مەخسۇت بەگ ھازىرچە مۇئاۋىن ۋاڭلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ تۇرسا» دەپ ئىلتىماس سۇنىدۇ. لېكىن قارا نىيەت مەخسۇت بەگ، ئىلتىماسىنىڭ مەزمۇنىنى مەخپىي ئۆزگەرتىپ خانغا يوللاپ بېرىدۇ. نەتىجىدە يۇقىرىدىن «مەخسۇت بەگ قومۇل ۋاڭلىقىغا، مېھرىبانۇ مۇئاۋىن ۋاڭلىققا تەيىنلەنسۇن» دېگەن يارلىق كېلىدۇ.

بۇ ئىش مېھرىبانۇغا قاتتىق زەربە بولىدۇ. سۈرۈشتۈرۈش نەتىجىسىدە ئاخىرى، بۇ، مەخسۇتنىڭ قىلغان ئىشى ئىكەنلىكى پاش بولىدۇ. مېھرىبانۇ كۆيئوغلىدىن قاتتىق رەنجىيدۇ. شامەخسۇت يەنە ئۆز قېيىن ئانىسى ئۈستىدىن بولمىغۇر گەپ - سۆزلەرنى تارقىتىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشماس قىلىپ قويىدۇ. مېھرىبانۇ ۋاڭلىقنى ئۆتكۈزۈپ بەرگەندىن كېيىن يەنە بىر مەزگىل ياشاپ كېسەل سەۋەبى بىلەن ئالەمدىن ئۆتكەن. مېھرىبانۇنىڭ جەسىتى ھازىرقى ئالتۇنلۇقتىكى چىنە گۈمبەز ئىچىگە دەپنە قىلىنغان.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى.)

دانالار ھېكمەتلىرىدىن

يېڭىلاش قولىدىن كەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئاسار ئەتىقىلەرنى ساقلاشمۇ قولىدىن كەلمەيدۇ.

— لۇشۈن

مەدەنىيەت تارىخىنى بىلمەي تۇرۇپ، مەدەنىيەتلىك كىشى بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

— م. گوركى

بىز ياشىغان دۇنيا سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى پائالىيەت بىلەن، ئەمگەك بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن.

— گاراتسىي



## ئاتاقلىق ئۆزبېك شائىرى فۇرقەت شىنجاڭدا

نىمەتىللا ئەبەيدۇللا

XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى ئۆزبېك ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت ئۆز ھاياتىنىڭ ئاخىرقى 16 يىلىنى شىنجاڭدا ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇ جەرياندا قاغىلىقتا ئىككى يىل تۇرغان، قالغان 14 يىل ئىچىدە يەكەندە ياشاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان.

ئۇنىڭ مەزمۇنى چوڭقۇر، روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە دېموكراتىك روھتىكى مول ئەدەبىي مىراسلىرى باشقا قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن بىر قاتاردا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات گۈلزارىدىن ئورۇن ئېلىشقا مۇناسىپ.

زاكىرجان خالمۇھەممەت ئوغلى فۇرقەت 1858 - يىلى قوقان شەھىرىدە ئۇششاق سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 14 ياشقا كىرگەندە قوقاندىكى مەدرىسلەرنىڭ بىرسىگە كىرىپ، ئەلا نەتىجە بىلەن ئوقۇغان. زاكىرجان 17 ياشقا كىرگەن ۋاقتىدا ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى يار بەرمىگەنلىكتىن، مەدرىستىكى ئوقۇشى ۋە ئىجادىي ئىشلىرىنى توختىتىشقا مەجبۇر بولغان. ئۇ چاغدا ئۇ، خېلى ياخشى شېئىرلارنى يازغان بولۇپ ئۆزىگە «فۇرقەت» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىشقا باشلىغانىدى.

فۇرقەت 1878 - يىلدىن باشلاپ، پەرغانە، مەرغىلان، قورقان قاتارلىق جايلاردا دۇكان ئېچىش، تىبابەتچىلىك ئۆگىنىش، ھۆسن خەت يېزىش ۋە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 22 يېشىدا ئۆز شېئىرلىرى بىلەن جامائەتچىلىككە تونۇلۇپ داڭ چىقىرىشقا باشلايدۇ. 1889 - يىلدىن 1891 - يىلغىچە بولغان ئىككى يىل ئىچىدە فۇرقەت پەرغانە، خوجەند، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا كۆچۈپ يۈرىدۇ. بۇ قىسقىغىنە ئىككى يىل، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئىجادىي پائالىيىتى ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ يۈكسىلىشى جەھەتتە ئالاھىدە بىر باسقۇچ بولغان.

فۇرقەت 1891 - يىلى 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنى تاشكەنتتىن يولغا چىقىپ، چوڭ سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈرۈش ئۈچۈن سەمەرقەنتكە بارىدۇ. بۇ چاغدا ئۇ 33 ياشتا ئىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ 1893 - يىلى ئەتىيازغىچە بولغان ئارىلىقتا باكۇ، ئىستامبول، بۇلغارىيە، گرېتسىيە، رىم، قاھىرە، ئىسكەندەرىيە، مەككە، مەدىنە، بومباي، كەشمىرلەردە زىيارەتتە بولىدۇ. 1893 - يىلى باھاردا كەشمىردىن شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىقىدۇ.

يەكەن ئايىمىقىغا قاراشلىق پوسكام ناھىيىسىنىڭ قىزىلمىچىت دېگەن يېزىسىدا (ھازىرقى ژىما يېزىسى) سەئىدۇللا ئىسىملىك بىركىشى بولۇپ، ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئوتتۇراھال دەرىجىدە بىلىم ئېلىپ، موللاسەئىدۇللا دەپ ئاتالغانىدى. ئەينى چاغدىكى ئالۋاڭ - ياساقلارنىڭ ئېغىرلىقىدىن تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ئامال قىلالمىغان موللاسەئىدۇللا ئۆزىنىڭ يۇرت - ماكانى ۋە ئۆي - جايىنى تاشلاپ كەشمىرگە

چىقىپ كەتكەنىدى. فۇرقەت كەشمىردە ئەنەشۇ موللاسەيىدۇللا بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ، مۇساپىرچىلىقتىن ئىبارەت ئورتاق سەرگۈزەشتە ئۇلارنى دوستلاشتۇرىدۇ. فۇرقەتنىڭ شېئىرى تالانتى شېئىرىيەت ھەۋەسكارى بولغان موللاسەئىدۇللادا چوڭ ھۆرمەت قوزغايدۇ. موللا سەئىدۇللا فۇرقەتنىڭ شىنجاڭغا بېرىش نىيىتىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا يول باشلاپ لاداخ يولى بىلەن خوتەن تەۋەسىدىكى سانجۇ، قوشتاغ رايونلىرى ئارقىلىق قاغىلىققا كېلىدۇ؛ قاغىلىقتا بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ ئىككىيلەن بىرلىكتە يەكەنگە كېلىدۇ. «سەيدىڭ قويەبەر سەييادە» دېگەن شېئىر فۇرقەتنىڭ شىنجاڭغا كىرگەندىن كېيىن يازغان تۇنجى شېئىرى بولۇپ سەپەر ئۈستىدە يېزىلغان (شېئىرنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدا فۇرقەت سەپەر ئۈستىدە سەئىدۇللانىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىدۇ. سەئىدۇللانىڭ «موللاسەئىدۇللا» ناملىق شېئىرى دىۋانى يېقىندا تېپىلىپ نەشرگە بېرىلدى).

فۇرقەت يەكەنگە كەلگەندىن كېيىن شەھەر ئىچىدە جامە ئالدىدىكى كىچىك كۆل بېشى مەھەللىسىدە ھېكىماخۇن ئىسىملىك كىشىنىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرغان ۋە رەستىدىكى سۆگەت سارىيىنىڭ ئالدىدا ھىندىستاندىن ئېلىپ كەلگەن دورىلىرى بىلەن دورىگەرلىك دۇكىنى ئاچقان؛ خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئېغىر، بازار كاساتچىلىق بولغانلىقتىن فۇرقەتنىڭ تۇرمۇش كەچۈرۈشى قىيىن بولغان. بىر مەزگىلدىن كېيىن فۇرقەت قاغىلىقلىق ئېزىز بەگ دېگەن كىشىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قاغىلىققا بېرىپ تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئىزىز بەگ فۇرقەتكە سەرمايە ئۈچۈن 200 سەر كۈمۈش قەرز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن فۇرقەتنىڭ تۇرمۇشى خېلى ياخشىلىنىدۇ؛ خوتەنلىك سۇپۇرگە ئاخۇن دېگەن تېۋىپنىڭ رەناخان ئىسىملىك قىزى بىلەن توي قىلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، فۇرقەت خۇش ھاۋا، مېۋىلىرى كۆپ بولغان بۇ ناھىيىدە ئىككى يىل تۇرۇپ قالىدۇ. قاغىلىقتا تۇرغان مەزگىلدە فۇرقەت، سەيىد مەزھەر ھۇسەيىنخان ئوغلى تەجەللى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە يېقىن دوست بولۇپ ئۆتىدۇ. تەجەللى بۇ چاغدا ھىندىستاندىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ قايتىپ كەلگەن بولۇپ، تېۋىپلىقتا مۇكەممەل بىلىم ئىگىلىگەن. ئەرەب، پارس، ھىند تىللىرىنى مۇكەممەل ئۆگەنگەنىدى. فۇرقەت بىلەن تەجەللى شېئىرىيەت ۋە تىبابەت جەھەتلەردە بىر - بىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ.

ئىككى يىلدىن كېيىن فۇرقەت يەكەنگە قايتىپ كېلىپ يەنىلا ھېكىماخۇننىڭ ھويلىسىدا ئولتۇرۇپ، بۇرۇنقى دۇكىنىنى ئېچىپ كېسەل داۋالاش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى كۆپىيىپ، كەسپىتە شۆھرىتى چىقىپ تۇرمۇشىمۇ خېلى ياخشىلىنىپ قالىدۇ.

شېرىپئاخۇن ۋە ئابدىرېھىمئاخۇن ئىسىملىك ئىككى كىشى ئۇنىڭغا شاگىرتلىققا كىرىدۇ. شاگىرتى شېرىپئاخۇن تىجارەت بىلەن ئۆزبېكىستانغا بېرىپ كېلىپ تۇرغاچقا، فۇرقەت ئۆزىنىڭ خەت ۋە شېئىرلىرىنى مۇشۇ ئادەم ئارقىلىق ئەۋەتىپ تۇرغان.

فۇرقەتنىڭ خوتۇنى تېۋىپنىڭ قىزى بولغاچقا، ئۇنىڭ تىبابەتچىلىك ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ تۇرىدۇ. فۇرقەت دۇكىنىغا كەلگەن كەمبەغەل بىمارلارنى كۆپ قېتىم ھەقسىز داۋالاپ خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ فۇرقەتنىڭ ئەل - ئاغىنىلىرى كۆپىيىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ

ئەڭ يېقىن دوستلىرى:

(1) باباجان ھاجىم. خوجەنتلىك ئۆزبېك، كەسپىي يىپەكچى بولۇپ، يەكەن شەھەر ئىچىدە قولھۆنەر بىلەن شۇغۇللانغان، 1965 - يىلى 96 يېشىدا يەكەندە ۋاپات بولغان. فۇرقەتنىڭ نۇرغۇن قول يازمىلىرى مۇشۇ كىشىنىڭ قولىدا ساقلانغان.

(2) مەھمۇت قارى. خۇيزۇ، تەمبۇرنى ناھايىتى ياخشى چالىدىغان كىشى بولۇپ، ئۆزى تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ فۇرقەت بىلەن بىللە بولغان چاغلاردا چالغان تەمبۇرىنى ئېزىزلاپ تاكى 1957 - يىلغىچە ساقلاپ كەلگەن. 1957 - يىلى 80دىن ئاشقاندا يەكەندە ۋاپات بولغان.

(3) زەينىل ئابىدىنخان. ئاۋغان، سەنئەتكە خۇشتار ئادەم. يەكەندە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 1954 - يىلى يەكەندە ۋاپات بولغان.

(4) سالى ئەلەم. ئۇيغۇر، فۇرقەت بىلەن ئۇلپەت بولغان چاغلاردا تالىپ بولۇپ، كېيىن يەكەنگە ئەلەم بولغان. 1937 - يىلى شىڭشىسەي تەرىپىدىن قامىلىپ، يەكەن شەھەر سىرتىدا تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈرۈلگەن.

بۇلاردىن باشقا، فۇرقەت قاغىلىقتا تۇرغان زامانلاردا، قاغىلىقتا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەشھۇر شائىرۋە ئالىم ھۆسەينىخان تەجەللى بىلەن يېقىن دوستلۇق ۋە ئىجادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىدە بولغان.

فۇرقەت خۇش چاقچاق ۋە ھازىرجاۋاب كىشى بولغاچقا ئۇ قاتناشقان ھەر بىر سورۇندا بولغان چاخچاق سۆزلەر خۇددى لەتىپىگە ئوخشاش تارقاپ يەكەندە بىرنەچچە كۈنلۈك كۈلكىگە سەۋەب بولغان.

فۇرقەت ئۇستا خەتتات بولغاچقا كىشىلەر ئۇنىڭدىن ھۆسنخەت ئۆگەنگەن. 1933 - يىلى يەكەندە تۇنجى قۇرۇلغان يېڭىچە مەكتەپ «مەتلەئىل ئىرپان» نىڭ ھۆسنخەت ئوقۇتقۇچىسى زەينىل ئابىدىنخان فۇرقەتنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى.

فۇرقەت كىشىلەرگە ھۆسن خەتتىن تەلىم بەرگەندىن باشقا، ھەر خىل سورۇنلاردا ئەدەبىيات ۋە باشقا مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىلمىي مۇھاكىمە، مۇنازىلەرگە قاتناشقان، ھەمدە بۇ سورۇنلاردا ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇپ بەرگەن؛ پارس تىلىدىكى ئەسەرلەرنى شەرھىلەپ كىشىلەر سورىغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ بەرگەن. ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى مانا مۇشۇ تەرىقىدە ئىلمىي ۋە ئىجادىي ئەمگەك بىلەن ئۆتكەن.

1901 - يىلى يەكەندە رەستىگە ئوت كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىدۇ؛ شۇ قېتىمدا فۇرقەتنىڭ دۇكىنى ۋە بارلىق مىلى كۆيۈپ تۈگەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ، يەكەندىكى ئۆزبېكلەرنىڭ ئاقساقىلى كامىلجان ئاقساقالنىڭ ساراي كۆلبېشىدىكى ئۆيىگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىي كاتىپلىقىنى قىلىدۇ.

1903 - يىلى 5 - ئايدا فۇرقەتنىڭ قوقاندىكى دوستى دېموكرات شائىر مۇھەممەت ئەمىن مىرزا غوجا ئوغلى مۇقىمى ۋاپات بولىدۇ. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن فۇرقەت «ياركەنت شەھرىدىن موللا تاشپالتوغا خەت» دېگەن شېئىرنى يازىدۇ. بۇ شېئىردا فۇرقەت نېمە ئۈچۈن قاھىرە، بومبايدەك كاتتا شەھەرلەرنى كۆرگەن بىر ئىلىم ئەھلىنىڭ يەكەندەك بىر كىچىك شەھەردە تۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئۇقتۇرىدۇ. فۇرقەت دوستلىرىغا يازغان يەنە بىر خېتىدە «يەكەننىڭ ئابى ھاۋاسى قوقانغا ئوخشايدىكەن.

يەكەننىڭ ئادەملىرى مېھماندوست ۋە خوش پېئىل ئىكەن؛ مەن بۇ يەرنى خۇددى ئۆز يۇرتۇمدەك ھېس قىلىۋاتىمەن؛ شۇڭا مەن ھاياتىمنىڭ ئاخىرىغىچە يەكەندە ياشاپ قېلىشنى ئىختىيار قىلدىم» دەپ يازغان. فۇرقەت يەنە باھار كۈنلىرىدە يەكەننىڭ يېزىلىرىنىڭ ناھايىتى گۈزەللىشىپ يۇرەككە ھوزۇر بېغىشلايدىغانلىقى، يەكەندە ئۆزىنىڭ ھەممە زەۋقى ساپالاردىن بەھرىمەن بولىۋاتقانلىقى، بۇ يەردە ئۆي - ئوچاقلىق بولۇپ، ئىككى پەرزەنت كۆرگەنلىكىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ قەبرىسىنى زىيارەت قىلىپ كېلىش نىيىتى بار بولسىمۇ، قوقانىدىكى ئەمەكە ۋە تاغىلىرىدىن رەنجىپ قالغانلىقىدىن بارغىسى كەلمەيدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

فۇرقەت ياشىغان دەۋرىدىكى يەكەن جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان شەھەرلىرىدىن بىرى ئىدى. پەقەت شەھەر ئىچىدىلا 60 تىن ئارتۇق مەدرىسە بار بولۇپ، ئۇنىڭدا مىڭلىغان تالىپ ئوقۇيتتى. خەلق كەمبەغەل بولغىنى بىلەن مەرىپەتپەرۋەرلىكى كۈچلۈك ئىدى. فۇرقەتتە شائىرلىق، تېۋىپلىق، خەتتاتلىق، سازەندىلىك، خۇشچاقچاق بولۇشتەك كۆپ تەرەپلىمە ياخشى سۈپەتلەر بار بولغاچقا، خەلق ئۇنى بەك ھۆرمەتلىگەن ۋە ياخشى كۆرگەن.

يەنە بىر تەرەپتىن يەكەن جەنۇبىي شىنجاڭدىكى سودا مەركەزلىرىنىڭ ۋە جەنۇبىي يىپەك يولىدىكى بېكەتلەرنىڭ بىرى ئىدى. ھىندىستان، ئافغانىستان، كەشمىر، روسىيە قاتارلىق قوشنا دۆلەتلەرنىڭ سودىگەرلىرى بۇ يەردە سودا - سېتىق قىلغان، يەرلىك سودىگەرلەرمۇ چەت ئەللەرگە قاتناپ تۇرغان بولغاچقا (ئۇ چاغدا تاشقورغان يولى خەتەرلىك بولغاچقا چەت ئەلنىڭ سودىگەرلىرى يەكەن ئارقىلىق قاتنايتتى)، بازار ئاۋات، مال باھاسى ئەرزان، تۇرمۇش نىسبەتەن قولايلىق ئىدى. يۇقىرىقىلار فۇرقەتنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە يەكەندە تۇرۇپ قېلىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەر ھېسابلىنىدۇ.

فۇرقەت ياشىغان دەۋردە يەكەندە ئابدۇللاخۇن شېرىپ ئاخۇن ئوغلى ئىسىملىك شائىر ياشىغان بولۇپ، ئۇ «خەستە» سۆزىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغانىدى. ئابدۇللاخۇن شېرىپ ئاخۇن ئوغلى 1854 - يىلى تۇغۇلۇپ 1907 - يىلى ۋاپات بولغان؛ ياش تورامى فۇرقەت بىلەن تەڭ دېگۈدەك بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە خەلق ئارىسىدا مەشھۇر ئالىم دەپ تونۇلغان كىشى ئىدى (ئۇنىڭ يازغان «كولىياتى خەستە» دېگەن دىۋانىدا 444 پارچە شېئىر بارلىقىنى كىشىلەر ئىسپاتلايدۇ). بۇ كىشى گەرچە فۇرقەت دۇكان ئاچقان كوچىدىكى مەدرىستە مۇددەرىس بولغان بولسىمۇ، فۇرقەتنىڭ «خەستە» بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە دائىر ھېچقانداق ماتېرىيال يوق؛ ئەمما فۇرقەتنىڭ شېئىرلىرىدا «خەستە فۇرقەت» دېگەن سۆز بىر قانچە يەردە تەكرارلىنىدۇ. «خەستە» ئۆز شېئىرلىرىدىمۇ «بىچارە خەستە فۇرقەتتە كەتتى» دېگەندەك مىسرالار بىلەن «فۇرقەت» سۆزىنى كۆپ ئېغىزغا ئالىدۇ.

1904 - يىلى 1 - ئايدا پارتىلىغان روس - ياپون ئۇرۇشى توغرىسىدا فۇرقەت ھىندىستاندىن كەلتۈرۈلگەن گېزىتلەردىن خەۋەر تاپىدۇ (فۇرقەت ھىندىستاندىن گېزىت-ژۇرنال ئالغۇزۇپ تۇرغان) ۋە روسىيىگە تاجاۋۇز قىلغان ياپون باسقۇنچىلىرىنى غەزەپ بىلەن ئەيىبلەيدۇ. 1905 - يىلى يېزىلغان بۇ شېئىر فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدا يازغان بىردىنبىر سىياسىي ئەھمىيەتلىك شېئىرى ئىدى.

فۇرقەتنىڭ شىنجاڭدا ياشاپ تۇرغان يىللىرى ئۇنىڭ ۋايىغا يەتكەن يىللىرى بولۇپ، ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرىنىڭمۇ سەۋىيىسى يۇقىرى ئىدى. ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئۇ «دىباچە ئەۋۋەلى» دېگەن بىر شېئىر توپلىمى يېزىشقا باشلايدۇ؛ ئەپسۇسكى

بۇ توپلامنى تۈگىتىپ يېزىشقا ئۆمرى ۋاپا قىلماي 1909 - يىلى كۈز پەسلىدە 51 يېشىدا بوغۇز ئاغرىقى كېسىلى بىلەن يەركەندە ۋاپات بولىدۇ.

فۇرقەت ۋاپات بولغان كۈنى خۇددى يەكەن تەۋرەپ كەتكەندەك، بارلىق ئادەم ماتەم تۇتۇپ تەزىيە بىلدۈرگەن، نەچچە مىڭ كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن جامەدە نامىزى چۈشۈرۈلۈپ شەھەر ئىچىدىكى داڭدار مەھەللىگە جايلاشقا ئۆزبېكلەر قەبرىستانلىقىغا قويۇلغان.

1893 - يىلدىن 1909 - يىلغىچە يەنى 35 يېشىدىن 51 يېشىغىچە بولغان 16 يىل جەريانىدا فۇرقەت شىنجاڭدا ياشىدى ۋە ئىجات قىلدى. ئۇنىڭ شىنجاڭغا كەلگەنىدىن كېيىن ئىجاد قىلغان ئەسەرلىرى ھازىر بار بولغان ئەسەرلىرىنىڭ 75 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

فۇرقەت شىنجاڭدا يازغان ئەسەرلىرىنىڭ بەزىسىنى خەت بىلەن ئەۋەتىپ تاشكەنتتە نەشر قىلىنىدىغان «تۈركىستان ۋىلايىتى گېزىتى»دە ئېلان قىلغان، بەزىلىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھەر خىل شېئىر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلۈپ تاش مەتبەئەدە بېسىلغان. فۇرقەتنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا يازغان ئەسەرلىرى قولىيازما ھالدا باباجان ھاجىم ۋە فۇرقەتنىڭ باللىرىنىڭ قولىدا ساقلانغان. 1950 - يىلى ئىرگەش ھاجى دېگەن كىشى كېلىپ شائىرنىڭ ئۆز باللىرى قولىدا ساقلىنىۋاتقان بارلىق ئەسەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپ كېتىپ، قەشقەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.

باباجان ھاجىنىڭ قولىدىكى قول يازما ئەسەرلەرنىڭ بىر قىسمىنى 1957 - يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن مەدەنىيەت دېلىگاتسىيىسىنىڭ خادىملىرى كۆچۈرمىسىنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن ئېلىپ كەتكەن. قالغان 20 پارچىگە يېقىن شېئىرىنى ۋە تەجەللىنىڭ ئاسترونومىيە ئىلمى ھەققىدە يازغان بىر قول يازما كىتابىنى يەكەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يۇرتى تاپشۇرۇۋېلىپ ساقلىغان بولۇپ، 1958 - يىلى بېيجىڭدىن ئۇيغۇر تارىخىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن خادىملارغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن قايتۇرۇپ ئەۋەتىلگەن كۆچۈرمە نۇسخىنى باباجان ھاجىم تاكى ۋاپات بولغىچە، ئۆزى ساقلىغان؛ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ساقلاپ كەلگەن. 1967 - يىلى ئىسيانچىلار باباجان ھاجىمنىڭ ئۆيىنى ئاختۇرماقچى بولغاندا ھاجىمنىڭ ئايالى فۇرقەت ئەسەرلىرىنىڭ نابۇت بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قوليازمىنى ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى قۇملۇققا كۆمگەن. شۇ ئاختۇرۇشتىن كېيىن باباجان ھاجىمنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىنىڭ بېشىغا خىلمۇ خىل بالايى ئاپەتلەر كېلىۋېرىپ ھاجىمنىڭ ئايىلىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن؛ بالا - چاقىلىرى قولىيازما كۆمۈلگەن جايىنى تاپالمىغان.

فۇرقەتنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ۋە يېقىنقى زاماندا مەتبەدە بېسىلىپ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرىدىن جەمئىي 7806 مىسرالىق ئەدەبىي مىراسلار ھازىر بىزنىڭ قولىمىزدا بار. پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا بۇنىڭ زور كۆپچىلىكى شىنجاڭدا يېزىلغان.

فۇرقەت يەكەندە 16 يىل ياشاپ، يەكەن تۇپرىقىدىن جاي ئېلىپ ياتقانلىقى ئۈچۈن فۇرقەتنىڭ نامى يەكەننىڭ نامى بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنىدۇ. كىشىلەر يەكەننى «غەزەلخان فۇرقەت سۆيگەن مۇھەببەت كانى» دەپ تەرىپلىشىدۇ. فۇرقەت پەقەت ئۆزبېكلەرنىڭلا ئەمەس، ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ يۈرەك قېتىدىن ئورۇن ئالغان سۆيۈملۈك شائىر. خەلقىمىز فۇرقەتنى ھەر ۋاقىت ھۆرمەتلەيدۇ؛ ئۇنىڭ نامى ئۆلمەس شېئىرلىرى بىلەن بىللە مەڭگۈ ياشايدۇ.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: يەكەن ناھىيىلىك ئۇيغۇر تىبابەت شىپاخانىسى)

# فەن ياۋنەننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى

لو شاۋۋېن

تەھرىر ئىلاۋىسى: فەن ياۋنەن ــ شىنجاڭنىڭ 20 - يىللاردىكى سىياسىي سەھنىسىدە مۇھىم رول ئوينىغان تارىخىي شەخسلەرنىڭ بىرى. 1928 - يىلى 7- ئاينىڭ 7 - كۈنى ئۈرۈمچىدە بىر سىياسىي ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، شىنجاڭدا 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان ياڭ زېڭشىن زىياپەت ئۈستىلىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. ھازىرغا قەدەر يېزىلغان ماتېرىياللاردا ياڭزېڭشىننى فەن ياۋنەن ئاتقۇزغان دېگەن تونۇش ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەنىدى. لو شاۋۋېن بۇ ماقالىسىدە يۇقىرىدىكى قاراشنى پۈتۈنلەي ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. كەڭ كىتابخانلارنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن، بۇ ماقالىنىڭ تەرجىمىسىنى ئازراق قىسقارتىپ ئېلان قىلدۇق.

## 1. تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى ئەھۋاللار

فەن ياۋنەن (1879 — 1928) چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خاندانلىقىنىڭ 5 - يىلى (1879 - يىلى) تۇغۇلغان، يۇرتى خۇبېي گۇڭئەن ناھىيىسىنىڭ تۇگوخاڭ دېگەن يېرى. ئۇنىڭ دادىسى فەن جېنرۇي ئۈچ ئوغۇل، بىر قىز پەرزەنتلىك بولغان. فەن ياۋنەن باللارنىڭ چوڭى ئىدى. ئائىلىسىنىڭ بوۋىسىدىن مىراس قالغان سۇلۇق، يىنەم بولۇپ قىرىق نەچچە مو يېرى بار بولۇپ، ھەم دېھقانچىلىق ھەم ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھاللىق ئائىلە ئىدى.

فەن ياۋنەن كىچىكىدىن تارتىپلا زېرەك، تىرىشچان بولۇپ، سەككىز يېشىدىلا ساۋاتىنى چىقىرىۋالغان. ئۇ گۇاڭشۈي خاندانلىقىنىڭ 22 - يىلى لى فامىلىلىك قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرغان، كېيىنكى يىلى 18 يېشىدا شيۇسەي① بولۇپ، شيۇسەيلىك دەرىجىسىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئەجنەبىلەرنى دورىغۇچىلارنىڭ سەردارى، خۇنەن - خۇبېي ۋالىيسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان جاڭ زىدۇڭنىڭ ئۇنىڭغا كۆزى چۈشۈپ قالىدۇ ۋە ئۇنى قوشۇمچە تەمىنلەنگۈچى ئوقۇغۇچىلىققا② قوبۇل قىلىدۇ. تۇڭجىي خاندانلىقى يىللىرىدا باشلانغان ئەجنەبىلەرنى دوراش ھەرىكىتىنىڭ تەسىرى، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۇاڭشۈي خاندانلىقىنىڭ 24 - يىلى (1898 - يىلى) چىڭ ئوردىسى يېڭى سىياسەت ئېلان قىلىپ، باگۇچىلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشى ۋە مەكتەپ ئېچىشنى جاكارلىغانلىقى سەۋەبلىك فەن ياۋنەن ئىلگىرى - كېيىن جىڭخەن ئوتتۇرا مەكتىپى بىلەن خۇبېي - خۇنەن بىلىم يۇرتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تاللىنىدۇ. ئۇ چىڭ ئوردىسى كېجۈي تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسىدا رەسمىي بۇيرۇق چۈشۈرگەن تۇنجى يىلى يەنى گۇاڭشۈي خاندانلىقىنىڭ 30 - يىلى (1904 - يىلى) يەنە ياپونىيىدىكى زاۋداۋتيەن داشۆسىگە ئوقۇشقا بېرىشقا تاللىنىدۇ. بۇ چاغلار فەن

ياۋنەننىڭ جىسمانىي جەھەتتىن تولۇپ، پىكىر قىلىش، مىجەز جەھەتتىمۇ دەسلەپكى مۇقىملىق شەكىللەنگەن، دېموكراتىيىنى قەتئىي تەلەپ قىلىدىغان، مۇستەبىت پادىشاھلىق تۈزۈمىگە قەتئىي قارشى تۇرىدىغان سىياسىي تەشەببۇسقا ئىگە بولغان ۋاقىتلىرى ئىدى. ئۇ ئاساسىي قانۇننى يولغا قويۇش، ئۈچ خىل ھوقۇقنى ئايرىش، قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىش تۈزۈمىنى ئەمەلگە قويۇش جۇڭگونى ئىدارە قىلىشتا مۇھىم ئىش ھېسابلىنىدۇ، دەپ قارايتتى. شۇڭا، ئۇ ياپونىيىگە بېرىپ مەخسۇس قانۇن كەسپىنى ئۆگىنىدۇ. جۇڭگودا ياپونىيىگە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىش ئىشى گۇاڭشۈي خاندانلىقىنىڭ 22 - يىلى (1896 - يىلى) باشلانغان. كېيىنچە ئوقۇش ئۈچۈن ياپونىيىگە يەنە ئوقۇغۇچى ئەۋەتىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا زاۋداۋتيەن داشۆسىدىكى ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا خۇاشىڭخۇي (جۇڭگونى گۈللەندۈرۈش ئۇيۇشمىسى) قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولغان سۇڭ جياۋرېن ۋە كېيىنكى كۈنلەردە ياپونىيە مىلىتارىزم ئېقىمىغا قارشى چىقىپ، جاۋخې دەۋرىدە جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىشقا قارشى تۇرغان، ياپونىيە ئەركىن دېموكراتلار پارتىيىسىنىڭ زۇڭسەيى بولغان ھەم 1956 - يىلى ئىچكى كابىنىتنىڭ زۇڭلى داچېنى بولغان شى چياۋجەنسەن قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدا زاۋداۋتيەن داشۆسىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن داۋى جۇڭشىن ياپونىيە ئەركىنلىك - خەلق ھوقۇقى ھەرىكىتىگە ماسلىشىپ پارلامېنت قۇرۇش ۋە ئاساسىي قانۇنلۇق يېڭىلاش پارتىيىسىنى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇ يى تېڭ، خى تيەنچىڭلۇڭ، سۇڭ فاڭ ئىچكى كابىنېتلىرىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولۇپ ئىشلىگەن مەشھۇر شەخس ئىدى.

فەن ياۋنەن زاۋداۋتيەن داشۆسىدە ئوقۇغان چاغدا، ئۆزىگە ئىشەنچلىك بولۇش، ھوشيار بولۇش، پەزىلەتلىك بولۇش، ئوقۇش جەھەتلىرىدە ياخشى بولۇش بىلەنلا قالماي، بەلكى شېئىر يېزىش، ناخشا ئېيتىش، رايال چېلىشقا ئوخشاش جەھەتلەردىمۇ ماھارەتلىك بولۇپ يېتىشكەنىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئادەم ۋە مەنزىرە سۈرەتلىرىنى تارتىشقا ماھىر ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ دەرستىن تاشقىرى ناخشا ۋە مۇزىكا ئۆگىنىشتە داڭ چىقارغان ياپونىيىلىك قىز ئوقۇغۇچى فۇۋۇشىدوغا يېقىپ قالغان. بۇ ئىككىيلەن نورۇز گۈل دەرەخلىرى تۈۋىدە يېقىن دوستلارچە شېرىن سۆھبەتلەردە بولىدۇ، مۇزىكا بۆلۈمىدە بىرى مۇزىكا چالسا، يەنە بىرى ناخشا ئېيتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، زاۋداۋتيەن داشۆسىدە قىزغىن پاراڭلارنىڭ مەركىزى بولۇپ قالىدۇ.

فەن ياۋنەن گۇاڭشۈي خاندانلىقىنىڭ 34 - يىلى (1908 - يىلى) ئوقۇش پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا گۇاڭشۈي خان ۋە خانىشسى ئارقىمۇ ئارقا دۇنيادىن ئۆتۈپ، خانلىق تەختىنى فۇيى ئىگىلەيدۇ ھەم خانلىق نامىنى شۈەنتۇڭغا ئۆزگەرتىدۇ. فەن ياۋنەن بىللە ياپونىيىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەن چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىغا مەنسۇپ بىر خان جەمەتى فەن ياۋنەننى بىر مەنسەپكە كۆرسىتىدۇ. بىراق، ئۇ چىڭ سۇلالىسى ئوردىسىنىڭ بارغانسېرى چىرىكلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئوردا سىياسىي ۋەزىيىتىنىڭ كۈنساناپ بۇزۇلۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئېقىمغا قارشى ھەرىكەت قىلماي، مەنسەپنى دەپ يامانغا يانتاياق بولسام قانداق بولىدۇ؟ دەپ ئويلاپ، بۇ ئىشتىن باش تارتىدۇ. ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن مەنسەپ تۇتۇشتىن باش تارتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ: «جانابىڭىز پەزىلەتتە ھەم بىلىمدە

ئۇستۇن تۇرۇپمۇ يەنە ئۇچۇن بىرەر مەنسەپ تۇتۇپ دۇنيا ئۇچۇن خەير - ساخاۋەتلىك ئىش قىلىپ قويۇشنى خالىمامسىز؟» دەپ سورايدۇ. فەن ياۋنەن كۈلۈپ تۇرۇپ: «تەلىم - تەربىيە ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇشنى خالايمەنكى، تەرىقەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى ياقتۇرمايمەن» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ بۇ يەردە ئەينى زاماندىكى چىڭ سۇلالىسى مەنسەپدارلىرىنىڭ دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بۇلاڭچىلىق بىلەن قولغا كىرگۈزۈۋالغانلىقىنى، شۇڭا، ئۆزىنىڭ مەنسەپنى كۆزگە ئىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خۇبېيدىكى يۇرتى گۇڭئەنگە قايتىپ بېرىپ مەكتەپ ئېچىپ يۇرتىدىكى پەرزەنتلەرگە ۋەتەننى، خەلقنى قۇتقۇزۇش ھەققىدە بىلىم بېرىدۇ.

شۈەنتۇڭ خاندانلىقىنىڭ 2 - يىلى (1910 - يىلى) لىيەنكۇي شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىسى بولۇپ تۇرغان چاغدا شىنجاڭنىڭ ئەدلىيە، مەمۇرىي ئىشلىرى بويىچە ئەڭ يۇقىرى مەنسەپدار بولۇپ ئىشلىگەن رۇڭ پېي③ گۇاڭشۈي خاندانلىقىنىڭ 28 - يىلى (1902 - يىلى) ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ ئىشلىرىنى كۆچەيتىش ھەم ئوبدان يولغا قويۇشنى كۆزلەپ، شۇنىڭغا لايىق ئادەم ئىزدەۋاتقاندا فەن ياۋنەننىڭ قانۇنشۇناسلىقتا كامىل ئىكەنلىكى ھەم مەكتەپ خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشنى خالايدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنى شىنجاڭغا كېلىپ سىياسىي - قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشقا، قوشۇمچە ئۈرۈمچى يەرلىك سوتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلەشكە تەكلىپ قىلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي - قانۇن مەكتىپىدە ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ سىياسىي ئىشلىرى، ئاساسىي قانۇنلىرى، خەلقئارا ئومۇمىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، خەلقئارا قانۇن، ھەق تەلەپ قانۇنى ۋە دۆلەت تىل - يېزىقى دېگەنگە ئوخشاش دەرسلەر تەسىس قىلىنغانىدى. فەن ياۋنەن مۇشۇ خىزمەتنى ئىشلەش يولى بىلەن ئەينى ۋاقىتتىكى سىياسىي ئەھۋالنى ئۆزگەرتكىلى بولار، دېگەن ئوي بىلەن بۇيرۇققا خۇشال - خۇرام قوشۇلۇپ، ئائىلىسىدىكى ئۇلۇغ - ئۇششاق تاۋابىئاتلىرىنى تاشلاپ، تەنھا ئۆزى ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ، سىبىرىيىنى ئايلىنىپ چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە كېلىدۇ. ئۇ رۇسىيىنىڭ شىمەي شەھىرىگە كەلگەندە يول خىراجىتى تۈگەپ قېلىپ، پادىشاھ رۇسىيىسى شىمەي ئۆلكىسىنىڭ باشلىقىدىن ياردەم سوراشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۆلكە باشلىقى ئۇنى رۇسىيە بىلەن شىنجاڭ ئوتتۇرىسىدىكى سودا ئىشىغا مەسئۇل بولغان ھەم ئۈرۈمچىدىكى تيەنشىڭ شىركىتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتقان رۇسىيىلىك سودىگەر ئىسھاققا تونۇشتۇرىدۇ. ئىسھاق ئوچۇق قوللۇق بىلەن فەن ياۋنەنگە سوۋغا ئورنىدا يول خىراجىتى تەقدىم قىلىدۇ ھەم ئۇنى چۆچەك ئارقىلىق ئۈرۈمچىگە يەتكۈزۈپ قويۇشقا ئادەم قوشۇپ بېرىدۇ.

فەن ياۋنەن ئۈرۈمچىگە كېلىپ خىزمەتكە تەيىنلەنگەندىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ چوڭ ئەمەلدارلىرىدا بىر مۇنچە ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ: لىيەنكۇي شۈەنتۇڭ خاندانلىقىنىڭ 2 - يىلى 7 - ئايدا كېسەل سەۋەبى بىلەن خىزمەتتىن قالىدۇ، خې يەنشېڭ ئۇنىڭ ئورنىغا گەنسۇ - شىنجاڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىسى بولىدۇ. ۋە شۇ يىلى 10 - ئايدا دۇنيادىن ئۆتىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاكالىتەن يۈەن داخۇا ئولتۇرىدۇ. شۈەنتۇڭ خاندانلىقىنىڭ 3 - يىلى (مىلادى 1911 - يىلى) يۈەن داخۇا رەسمىي شىنجاڭنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شىنجاڭنىڭ ئالىي ئەدلىيە - مەمۇرىي ۋالىلىق ۋەزىپىسىنىمۇ شۈەن-

تۇڭ خاندانلىقىنىڭ 3 - يىلى ئامانلىق ساقلاش ۋالىسى ياڭ زېڭشىن قوشۇمچە ئۈستىگە ئالىدۇ، رۇڭ پېي سەنشىنىڭ خېدۇڭ ۋالىلىقىغا ئالماشتۇرۇلىدۇ، ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسى بۇيرۇقىغا بىنائەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، سوت قىلىش فۇنكسىيىسى بۇرۇنقىدەكلا ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ قولىدا بولىدۇ. سىياسىي - قانۇن مەكتىپىمۇ ئىشتىن توختىتىلىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا فەن ياۋەنگە شىنجاڭدا قىلغۇدەك ئىش قالمايدۇ، شۇ سەۋەبتىن، خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىپ شەرققە قايتىدۇ (باشقا بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، يۈەن داخۇا باھانە تېپىپ فەن ياۋەننى خىزمىتىدىن بوشىتىۋەتكەن).

فەن ياۋەن بىرىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە 2 يىلچىمۇ تۇرمىغان، ئۆزى ياپونىيىدە ئۆگەنگەن قانۇنشۇناسلىق كەسپىي بىلىمىنى يېتەرلىك جارى قىلالمىغان بولسىمۇ، لېكىن، ئۈرۈمچىدە نۇرغۇن شەخسلەر ۋە مەنزىرە سۈرەتلىرىنى تارتىدۇ. گۇاڭ لۇ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، فەن ياۋەن تارتقان بىر قىسىم زىيالىي ياشلارنىڭ سۈرەتلىرى ھەم ئۇلار بىلەن بىللە چۈشكەن سۈرەتلەر دائىم قىممەتلىك خاتىرە بۇيۇمى دەپ قارىلىپ كەلگەن. مۇشۇ فوتو سۈرەت ئەسەرلەر چەت ئەللىكلەردىن باشقا، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزى شىنجاڭدا فوتو سۈرەت سەنئىتى ساھەسىدە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقى بويىچە ئېچىلغان تۇنجى تارىخ سەھىپىسى بولۇپ قالغان.

فەن ياۋەن شەرققە ئاتلىنىپ خۇبېيدىكى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندە، شىڭخەي ئىنقىلابىنىڭ تۇنجى قوزغىلىڭى خۇبېيدا غەلىبە قازانغان، تۇڭمىڭخۇي (ئىتتىپاق) نىڭ «ئىنقىلابىي ئومۇمىي تەدبىر»ى بويىچە خۇبېي ھەربىي ھۆكۈمىتى قۇرۇلغان، ئىنقىلابچىلار ئاساسىي قانۇن تەرەپدارلىرىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، سابىق چىڭ سۇلالىسى ئارمىيىسىنىڭ شېيتۇڭى لى يۈەنخۇڭنى باشچىلىققا كۆرسىتىپ ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ تۇتۇق مەھكىمىسىنى قۇرۇپ چىققانىدى. لى يۈەنخۇڭ خۇبېينىڭ خۇاڭپۇ دېگەن يېرىدىن بولۇپ، 1884 - يىلى تيەنجىن دېڭىز ئەسكەرلىرى ھەربىي مەكتىپىدە ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن دېڭىز ئارمىيىسىدە خىزمەت قىلغان، جۇڭگو - ياپونىيە جاۋۇ ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ئۇرۇشتىن كېيىن جاڭ زىدۇڭنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ، يېڭى ئەسكەرلەرنى تەربىيىلەشكە مەسئۇل قىلىنغان ھەم ئۇستى - ئۇستىلەپ دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ، 21 - قوشما لۈيىنىڭ باشلىقى بولۇپ ۋۇچاڭدا تۇرغانىدى. ئەنە شۇ چاغدا بۇ شەخس ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ تۇتۇقلىقىغا كۆرسىتىلگەن. ئۇ فەن ياۋەننىڭ شىنجاڭدىن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەنلىكى، ئۇنىڭ بىلىمدە ۋە ئەخلاقىي - پەزىلەتتە باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۇنى ھەربىي ھۆكۈمەتنىڭ مالىيە مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلىدۇ.

شۇ يىلنىڭ ئاخىرى سۇن جۇڭسەن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە 12 - ئاينىڭ 29 - كۈنى نەنجىڭدە ۋاقىتلىق زۇڭتۇڭلۇققا سايلىنىدۇ، كېيىنكى يىلى (1912 - يىلى) 1 - ئاينىڭ 3 - كۈنى لى يۈەنخۇڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇققا تولۇقلاپ سايلىنىدۇ. شۇ يىلى 3 - ئايدا سۇن جۇڭسەن ئورنىنى يۈەن شىكەيگە ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ. يۈەن شىكەي بېيجىڭدا ۋاقىتلىق زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرىدۇ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىلەن كېڭەش پالاتاسىنى بېيجىڭغا كۆچۈرىدۇ. مىنگونىڭ 2 - يىلى (1913 - يىلى) 10 - ئايدا يۈەن شىكەي پارلامېنتقا بېسىم ئىشلىتىپ ئۆزىنى رەسمىي زۇڭتۇڭلۇققا سايلاتقۇزىدۇ، لى يۈەن-

خۇلق مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇقىدا قېلىۋېرىدۇ. شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يۈەن شىكەي يەنە لى يۈەنخۇڭنى ۋۇچاڭدىن بېيجىڭغا كېلىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. مۇندىن بۇرۇن، 1913 - يىلىنىڭ بېشىدا يۈەن شىكەي خې چاڭشيۇڭ ئىسىملىك قانۇنشۇناس ياپون دوكتۇرنى گوۋۇيۈەننىڭ قانۇن - تۈزۈم مەسلىھەتچىلىكىگە تەكلىپ قىلغانىدى. لى يۈەنخۇڭ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭلۇق ۋەزىپىسى بىلەن شىمالغا يۆتكىلىدىغان بولغاندىمۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ فەن ياۋنەننى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ سىياسىي مەسلىھەتچىلىكىگە ھەم ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ. لى يۈەنخۇڭ فەن ياۋنەننىڭ خۇبېيدا مالىيە مەسلىھەتچىسى بولۇپ تۇرغان چاغدىكى پاك، چىداملىق، توغرا، تەجرىبىلىك، تېپىلغۇسىز ئېسىل شەخس ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئۇنى ئۆزىگە قابىل ياردەمچى قىلىۋالماقچى بولىدۇ.

فەن ياۋنەن زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە ئىشلەۋاتقان چېغىدا ئۇنىڭ دادىسى فەن جېنرۇي ۋە خانىمى لىسى ئۆز يۇرتىدا كەينى - كەينىدىن ۋاپات بولىدۇ. بۇ چاغدا، ئىلگىرى زاۋداۋتىيەن داشۆسىدە فەن ياۋنەن بىلەن ساۋاقداش بولغان ياپون قىزى فۇۋۇشىدو فەن ياۋنەن بىلەن ئۆمۈرلۈك بىللە بولۇشقا چىن كۆڭلىدىن قەسەم ئىچكەن پېتى يۈرگەنىدى، شۇڭا فەن ياۋنەن ئۇنى ئىككىنچى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا تەكلىپ قىلىدۇ. فەن ياۋنەننىڭ بۇرۇنقى خوتۇنى لى خانىم ئىككى ئوغۇل، بىر قىز تۇغقان. چوڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى شى سۇڭ؛ قىزىنىڭ ئىسمى شى ئەن؛ ئىككىنچى ئوغلىنىڭ ئىسمى شىلىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خۇبېيدىكى يۇرتىدا تۇراتتى.

يۈەن شىكەي شىنخەي ئىنقىلابىنىڭ غەلبە مېۋىسىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغاندىن كېيىن، شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ زۇلمەتلىك ھۆكۈمرانلىقى كۈندىن - كۈنگە غالجىرلىشىدۇ، خەلق يېڭىباشتىن ئېغىر كۈلپەت ئىچىدە قالىدۇ. يۈەن شىكەي بۇنىڭ بىلەنلا توختاپ قالماي، پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدا قاتتىق باش قاتۇرۇپ، مىنگونىڭ 2-يىلى (1913-يىلى) گومىنداڭ پارتىيىسىنى تارقىتىۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. لى يۈەنخۇڭ شىمالىي مىلىتارىستلار گۇرۇھىغا تەۋە شەخس ئەمەس ئىدى. ئۇ گەرچە جۇڭخۇا مىنگونىڭ «دۆلەتنىڭ پېشقەدەم ئاساسچىسى» دېگەن تاجنى كىيىۋالغان بولسىمۇ، بۇ چاغدا خۇبېيدىكى ھەربىي ھوقۇقىدىن ۋە تەسىر دائىرىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ (لى يۈەنخۇڭ شىمالغا كەلگەندىن كېيىن، يۈەن شىكەي دەرھال دۈەن چىرۇينى خۇبېينىڭ تۇتۇقلۇقىغا تەيىنلەيدۇ)، نائىلاج يۈەن شىكەيگە ئىتائەت قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ سىرلىق سىزىقى بىلەن ماڭىدىغان بولىدۇ، ئۇ بېيجىڭدا مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ تەختىگە ئولتۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئەركىنلىكتىن ئايرىلغان «راھەت - پاراغەتلىك كىنەز»گە ئايلىنىپ قالغانىدى. يۈەن شىكەي بۇ چاغدا تۈرلۈك يوللار بىلەن ئەتراپىغا ئادەم توپلاۋاتاتتى. فەن ياۋنەن بولسا يۈەن شىكەي بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كېتىشنى خالىمايتتى ھەم يۈەن شىكەيدىن يۈز ئۆرۈپ ئۇنىڭ بىلەن پۈت تېپىشىشكە جۈرئەتمۇ قىلالمايتتى، كۆرۈنۈشتە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلغان بولۇپ، ئاستىرتىن ئۆزىنى تارتىپ يۈرەتتى. يۈەن شىكەي بولسا ھەدەپ ئۇنىڭغا ئاسار - ئەتىقىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ تۇردى، بىراق ئۇ سوۋغىنى ھەرگىز قوبۇل قىلمىدى. ھەتتا يۈەن شىكەي شەخسەن ئىمزاسى بىلەن كۆپ قېتىم پۇل سوۋغا قىلغان (ھەر قېتىم سوۋغا قىلىنغان

پۇل مىڭ يۈەندىن بەش مىڭ يۈەنگىچە) چاغدىمۇ فەن ياۋنەن خەت ئارقىلىق رەھمەت ئېيتىپلا پۇلنى پەقەت ئالمىدى. يۈەن شىكەي پادىشاھلىق تەختىگە چىقىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىنىۋاتقان چاغدا، فەن ياۋنەن يۈەن شىكەي بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈشكە بەلباغلايدۇ. ئۇ ھامىلدار بولۇپ قالغان خوتۇنى فۇۋۇشىدونىڭ بىخەتەرلىكىنى كۆزلەپ، ئۇنى ئېلىپ خۇ ئېگۇڭ قاتارلىق كىشىلەر بىلەن بىللە شائخەيگە كېلىۋېلىپ، شۇ يول بىلەن يۈەن شىكەيگە قارشى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. فۇۋۇشىدو شائخەيدە بىر ئوغۇل تۇغۇپ، خۇسىڭ (شائخەيدە تۇغۇلغان) دەپ ئىسىم قويىدۇ.

## 2. ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىشى

مىنگونىڭ 5 ـ يىلى (1916 ـ يىلى) يۈەن شىكەي پادىشاھلىق تۈزۈمىنى بىكار قىلغانلىقىنى جاكارلاشقا مەجبۇر بولىدۇ. دۆلەتكە پادىشاھ بولۇش ئارزۇسى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يۈەن شىكەي شۇ يىلى 6-ئايدا كېسەل بولۇپ ئۆلىدۇ، لى يۈەنخۇڭ ئۇنىڭ ئورنىغا زۇڭتۇڭ بولىدۇ. فەن ياۋنەن شائخەيدىن بېيجىڭغا قايتىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا شىنجاڭنىڭ جياڭجۈنى ھەم ھەربىي ـ مەمۇرىي ۋالىسى بولۇپ تۇرغان ياڭ زېڭشىن مازارنى تونۇپ، ئەۋلىيانى ئېتىراپ قىلمايدىغان ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يۈەن شىكەينىڭ پادىشاھلىق تۈزۈمىگە ئىنتائەت قىلغان بولسىمۇ، يۈەن شىكەينىڭ ئورنىغا چىققان لى يۈەنخۇڭغا يېقىنلىشىپ ساداقەتمەنلىك بىلدۈرۈپ، شۇ يول بىلەن غەربىي شىمال ملىتارىستلىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان تەھدىدىنى ئازايتىش نىيىتىدە بولۇپ يۈرىدۇ. دەل شۇ چاغدا ئاقسۇ ۋالىسى جو رۇيچى قەشقەر ۋالىسىنىڭ بوش قالغان ئورنىغا يۆتكەلىدىغان بولىدۇ. ياڭ زېڭشىن دەرھال لى يۈەنخۇڭغا بۇ ئورۇنغا كىشى تەيىنلەش ھەققىدە تېلېگرام بېرىپ يوليورۇق سوراپ، بۇنىڭ بىلەن لى يۈەنخۇڭ زۇڭتۇڭنى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ياڭ زېڭشىن مەركەزگە قارايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ئىكەن، لى يۈەنخۇڭمۇ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ مەركەزنىڭ شىنجاڭ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ياخشىلىماقچى بولىدۇ ۋە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى لەنشى ناھىيىسىنىڭ ئامبىلى، بايەن ئوبلاستىنىڭ باشلىقى بولغان، ئەمەلدارلىكتە بولسا گوۋۇيۈەننىڭ مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يەن يۈيشەننى شىنجاڭغا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. لېكىن يەن يۈيشەن ئۇنى ـ بۇنى دەپ، شىنجاڭغا بېرىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى كۈنلەردە بۇ ئىشقا فەن ياۋنەننى لايىق تېپىپ ئۇنى شىنجاڭغا ئەۋەتمەكچى بولىدۇ. چۈنكى فەن ياۋنەن شىنجاڭنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇش ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ زېڭشىن بىلەن بىر مەھەل بىللە ئىشلىگەنىدى. فەن ياۋنەن ماقۇل بولغاندىن كېيىن، لى يۈەنخۇڭ ياڭ زېڭشىننىڭ رازىلىقىنى ئالىدۇ، لى يۈەنخۇڭ يەنە بۇ ھەقتە ياڭ زېڭشىنغا ئۆز قولى بىلەن خەت يېزىپ، فەن ياۋنەندىن يوللايدۇ. فەن ياۋنەن مىنگونىڭ 6 ـ يىلى (1917 ـ يىلى) 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى ئاقسۇ ۋالىلىقىغا رەسمىي تەيىنلىنىدۇ.

فەن ياۋنەن خىزمەت بىلەن ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا بارماقچى بولغان چېغىدا، ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە قاتمۇ ـ قات زىددىيەت پەيدا بولۇپ، بەك تەڭلىكتە قالىدۇ. ئەگەر

شەخسىي مەنپەئەتىنى كۆزلىگەندە، شىنجاڭ يىراق چېگرا ماكان بولۇپ، خىزمەت ۋە
تۇرمۇش شارائىتى ناچار ئىدى؛ لېكىن، دۆلەت ۋە مىللەت مەنپەئىتىنى كۆزلىگەندە،
شىنجاڭ غەربىي شىمالدا رۇسىيىگە تەۋە ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن، غەربىي جەنۇبتا ئەنگلىـ
يىگە تەۋە ھىندىستان بىلەن، غەربتە ئافغانىستان بىلەن، شىمالدا رۇس ئىمپېرىيىسى
كونتروللۇقىدىكى تاشقى موڭغۇلىيە بىلەن، جەنۇبتا ئىنگلىزلار تەمەدە بولۇپ كېلىۋاتقان
شىزاڭ بىلەن چېگرىداش بولۇپ، خەلقئارا ئالاقىسى ئىنتايىن مۇرەككەپ، دۆلەت مۇداپـ
ئەسىدىكى ئورنى ناھايىتى مۇھىم ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا مىلتارىستلار، سىياسىي لۈكچەكـ
لەر ئىچكى جەھەتتە ھوقۇق تالىشىش بىلەنلا بولۇپ كېتىپ، شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ
گۆھەر زېمىننىڭ ئېغىر خەۋپ - خەتەر ئىچىدە قالغانلىقى بىلەن كارى بولمىغاـ
نىدى. مۇنداق چاغدا ۋەتەنپەرۋەرلەر چېگرا رايوننى مۇستەھكەملەش ۋە چېگرا رايوننى
گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ئۆز كۈچىنى ھەرگىز ئايىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ياڭ زېڭشىن
زىرەك، قابىل، بىلىملىك، تالانتلىق شەخس ئىدى، ئۇنى زالىم مىلتارىستلارغا پەقەت
سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن بىلەن چىقىشىپ قېلىشقا كۆزى
يېتەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ خىزمەتكە تەيىنلىنىش بۇيرۇقىنى تاپشۇرۇۋېلىش بىلەنلا
سەپەرگە چىقمىدى. ئۇ 2 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئائىلىسىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش
ھەم يۇرتىدىكى تۇغقانلىرى بىلەن كۆرۈشۈۋېلىش ئۈچۈن ئۈچ ئايلىق رۇخسەت سورايدۇ.
شۇ يىلى 5 - ئاينىڭ 30 - كۈنىگە كەلگەندە ئۇ يەنە ئىككى ئايلىق رۇخسەت سورايـ
دۇ. كۈز كىرىپ 8 - ئاينىڭ باشلىرى ئاندىن ئۆزىنىڭ توقلى — چىڭ سۇلالىسىنىڭ
خان ئوردىسىدىن قالغان ساۋ فامىلىلىك كېنىزەك ئايالنى ئېلىپ شىنجاڭغا يولغا چىـ
قىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، بۇرۇن ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان خۇبېيلىك لەن جاۋخۇامۇ
ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ يولغا چىقىدۇ. بۇ چاغدا شاڭخەيدە تۇرۇۋاتقان فۇۋۇشىدو شىنجاڭـ
غا بارىدىغان يول قاتنىشىنىڭ ئوڭايسىزلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، فەن ياۋنەننىڭ ئورۇنلاشـ
تۇرۇشى بىلەن بالىسى خۇسېڭنى ئېلىپ تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ياپونىيىگە بارماقچى
بولىدۇ. بۇ چاغدا فەن ياۋنەننىڭ ئاقسۇ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەنلىك بۇيرۇقىنى ئالغىنىغا
يەتتە ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت بولۇپ قالىدۇ.

فەن ياۋنەن تۇغقان يوقلاپ يۇرتى خۇبېيدىن يولغا چىقىدىغان چاغدا، ئىلگىرى
ئۇنىڭ بىلەن بىللە شيۇسەيلىك ئىمتىھانىغا قاتناشقان لياۋخۇەنتىڭ ئەپەندى «زاۋ-
شياڭنىڭ يېڭىدىن ۋالىيلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىشىگە بېغىشلاپ» دېگەن ماۋزۇدا شېئىر
يېزىپ ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىدۇ.

ئۇ بۇ شېئىرىدا فەن ياۋنەندىن شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن دۆلەت ۋە مىللەت
ئۈچۈن پايدىلىق ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشنى ئۈمىد قىلغان.

ئاقسۇ ۋالىسىنىڭ ئورنى بوش قالغاندىن تارتىپ ياڭ زېڭشىننىڭ بۇ ئورۇنغا كىشى
تەيىنلەشنى ئىلتىماس قىلىپ لى يۈەنخۇاڭ زۇڭتۇڭغا تېلېگرامما يوللىغانلىقى ۋە بۇنىڭغا
كىشى تاللانغانلىقىغا قەدەر بىر يىل ۋاقىت ئۆتىدۇ. بۇ ئەسنادا، ياڭ زېڭشىن 1917 - يىلنىڭ
كىرىشى بىلەن، ئىلگىرى شىنجاڭ ئەدلىيە مەھكىمىسىگە تەييارلىق كۆرۈش باشقارمىسـ
نىڭ ھەم ئالتاينىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن، يۇرتدىشى ۋە قۇدىسى ليۇچاڭبىڭنى⑦
ئاقسۇنىڭ مۇۋەققەت ۋالىسى قىلىپ بەلگىلەيدۇ.

فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىن بىلەن شۇەنتۇڭ خاندانلىقى يىللىرى ئىككى يىلەن كۆپرەك بىللە ئىشلىگەنىدى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە بىلىمىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. فەن ياۋنەن ئۈرۈمچىگە ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىدە، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئالاھىدە كۈتۈۋالدى، تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىپ، فەن ياۋنەننىڭ «ياردىمىگە مۇھتاج» ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى، بۇيرۇقنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى ۋاقتىنچە ئۈرۈمچىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىلىقىغا⑧ تەيىنلەيدۇ، ليۇ چاڭبىڭ بولسا، ئاقسۇنىڭ باش ۋالىسى بولۇپ قالىدۇ، مۇنداق ئۆزگىرىشنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتا ياڭ زېڭشىننىڭ كۆرسىتىدىغان مۇنداق سەۋەبلىرى بار ئىدى: (1) ليۇ چاڭبىڭ ئاقسۇنىڭ مۇۋەققەت ۋالىسى بولغىلى يېرىم يىلدىن ئېشىپ كەتتى، ئۇنى بۇ خىزمەتتىن يۆتكىۋېتىش ئەپسىز؛ (2) پەزىلىتى ۋە بىلىمىنى ئېتىبارغا ئالغاندا، فەن ياۋنەننى يېنىمدا ئېلىپ قېلىشقا مۇھتاجمەن. بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ قوشنىلىرى بىلەن بولغان دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى تولىمۇ مۇرەككەپ، فەن ياۋنەن قانۇنشۇناسلىقتا كامالەتكە يەتكەن، دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ياردەملەشتۇرۇشقا تازىمۇ لايىق؛ (3) گەپ - سۆزلەرگە قارىغاندا، فەن ياۋنەن شىنجاڭغا قاراپ يولغا چىققاندا، ياڭ زېڭشىن ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى تىڭچىسىدىن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا قول تىقماقچى بولۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ فەن ياۋنەننى شىنجاڭغا ئەۋەتىشتىن مەقسىتى شىنجاڭنىڭ مەركەزگە راست ياكى يالغان ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلىش، پەيتى كەلگەندە، ياڭ زېڭشىننى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىش، دېگەن مەزمۇندا مەلۇمات تاپشۇرۇۋالىدۇ. بۇ مەلۇماتنىڭ راست - يالغانلىقىغا ھازىرچە پاكىتلىق ئاساس يوق ئىدى. بولۇپمۇ فەن ياۋنەن بىللە شىنجاڭغا كېلىدىغان لەن جاۋخۇا بۇرۇن ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقانىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ دىتىغا ياقمايدىغان بۇ «ئالاھىدە شەخس» تىن⑨ پەخەس بولۇش كېرەك ئىدى. شۇڭلاشقا، فەن ياۋنەننى ئۈرۈمچىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىلىقىغا قويغاندا، ئۇنىڭ «چىن سىرى» نى يېقىندىن ئۇقۇپ تۇرغىلى، شۇنىڭ بىلەن، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوققىلى بولاتتى. ئەلۋەتتە، 1911 ۋە 1912 - يىللىرى ئىنقىلابىي پارتىيە ئۈرۈمچى ۋە ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن دەسلەپكى چاغدا، فەن ياۋنەن سىياسىي - قانۇن مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، قوشۇمچە ئۈرۈمچى يەرلىك سوت مەھكىمىسىدە ئىشلىگەنىدى. شۇ چاغدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، فەن ياۋنەن بىلەن ليۇ شيەنجۈن، لى فۇخۇاڭ⑩ لار ئوتتۇرىسىدا ھېچ قانداق مۇناسىۋەت بولمىغان ھەم ئۇلارنىڭ ئىش - ھەرىكىتىگە فەن ياۋنەن قاتناشمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ چاغدا لى يۈەنخۇڭ تەختتىن چۈشۈپ كەتكەن، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى فەن ياۋنەنگە تېرەك بولۇشتىن قېپقالغانىدى.

ئەينى ۋاقىتتا فەن ياۋنەننىڭ جەمئىيەتكە قەدەم تاشلىغىنىغا تېخى ئون يىل بولمىغانىدى، ئۇ پەقەت ئوقۇتۇش، مەسلىھەتچىلىك قىلىش ۋە ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ئىشلىرى بىلەنلا مەشغۇل بولغان تالىپ مىجەز شەخس ئىدى. شۇڭا، بۇيرۇقنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى ئۈرۈمچىنىڭ مۇۋەققەت ۋالىلىقىغا تەيىنلەشكە نىسبەتەن ئۇنىڭدا ھېچ قانداق باشقىچە پىكىر تۇغۇلمىغان، بەلكى ۋەزىپىنى خۇشاللىق بىلەن تاپشۇرۇۋالغان.

### 3. تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىدە ۋەزىپە ئۆتەش

فەن ياۋنەن مىنگونىڭ 6 - يىلى (1917 - يىلى) ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەل-

گەندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن ئۇنى نۇرغۇن جەھەتلەردە قەدىرلەيدۇ. ئالدى بىلەن شىنجاڭنىڭ مەركەز بىلەن بولىدىغان خىلمۇ-خىل مۇھىم مۇناسىۋەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، فەن ياۋنەن بېيجىڭدىكى ئەھۋاللار بىلەن تونۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن بۇ جەھەتتە دائىم فەن ياۋنەن بىلەن ھەمكارلىشىدۇ.⑩ فەن ياۋنەننىڭ ئىش ئۇنۇمى يۇقىرى بولغاچقا، بەزىبىر پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللاردا، مەسىلەن: مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن «كېسەل» سەۋەبى بىلەن خىزمەتكە كېلەلمىگەندە، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى لىيۇ ۋېنلۇڭ ئىش بىلەن ۋاقىتنچە ئۈرۈمچىدىن باشقا يەرگە كەتكەندە، ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەننى بۇ خىزمەتلەرنى ۋاقىتنچە قوشۇمچە ئۆتەپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلىدۇ. بولۇپمۇ چەت ئەل مۇھاجىرلىرىنىڭ شىنجاڭدا تۇغدۇرغان تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئەينى ۋاقىتتا ياڭ زېڭشىنغا تولىمۇ مۇشكۈل تۇيۇلغانىدى. بۇ جەھەتتە، بىز تەرەپ نىمە ئىش بولسا، شۇ ئىش ئۈستىدىلا توختىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىش كۆرەتتى، چەت ئەللىكلەر بولسا ھامان كونا قائىدىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ ھىيلىگەرلىك قىلاتتى، ھەتتا بولىشىچە قاتتىق - سوقتى قىلىپ، «تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلاپ چىقىرىپتۇ»، دېگەندەك ئىش قىلىپ، بىز تەرەپنى تەڭلىكتە قوياتتى. تۇڭجىمىز خاندانلىقىنىڭ 7 - يىلى تۈزۈلگەن توختامدا رۇسىيىلىكلەر شىنجاڭدا سودا - سېتىق بىلەن شۇغۇللانسا ۋاقىتنچە باج تاپشۇرمايدۇ، دېيىلگەن. ئىنگلىزلەرگىمۇ شۇنداق ئىمكانىيەت بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كونسۇلغا كېسىم ھوقۇقىمۇ بېرىلگەن. شىنجاڭ خەلقى چەت ئەللىكلەر تەرىپىدىن قاتتىق بوزەك قىلىنغان، مۇغەمبەرلەر ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ باشقىلارنى چەت ئەل تەۋەلىكىگە ئۆتۈشكە قۇتراتقان. شىنجاڭنىڭ كونا زاماندىكى ئەمەلدارلىرى دىپلوماتىيە ئىشلىرىدىن تامامەن دېگۈدەك خەۋەرسىز ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ دىپلوماتىيە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان جاڭ شاۋبونىڭ قولىدىن كېلىدىغىنىمۇ چاغلىق بولۇپ، ھېچ قانداق تۆھپە يارىتالمىغانىدى. بولۇپمۇ جاڭ شاۋبو مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەن ئاق ئورۇس قوشۇنىنىڭ باشلىقى ئاننىكوۋ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ياڭ زېڭشىن ۋە سىجاڭ جياڭ سۇڭلىن بىلەن پىكىردە بىرلىككە كېلەلمەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن قورسىقى كۆپۈپ، رۇخسەت سوراپ ئىچكىرىگە كېتىدۇ. ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەننى دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا ئەڭ لايىق دەپ قاراپ، شۇئان ئۇنى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە تەكلىپ قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، فەن ياۋنەن شىنجاڭدا «چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ تۈۋرۈكى»⑫ بولۇپ قالىدۇ.

شىنجاڭدا ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ۋە ئارمىيىنى باشقۇرۇشتا ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزىگە خاس ئوي - پىكرى ۋە ئۇسۇلى بار ئىدى. بۇرۇنقى ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى ياڭ زېڭشىننىڭ يۈننەنلىك يۇرتدىشى جاڭ مىڭيۈەن ئىدى. لېكىن، ئەمەلىي خىزمەتنى ياڭ زېڭشىن ئۆز قولى بىلەن پىلانلايتتى. كونا رۇسىيىنىڭ ئۇرۇشتا يېڭىلگەن قىسىملىرىنىڭ شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەنلىكى ئۈستىدە سۆزلىشىش جەريانىدا، جاڭ مىڭيۈەن ئەسكەر باشلاپ ئۈرۈمچىدىن باشقا ياققا چىقىپ كەتكەندىمۇ، ئۇنىڭ ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆتەپ تۇرۇشنى فەن ياۋنەنگە تاپشۇرىدۇ. دېمەك، مەلۇم بىر مەزگىل ئىچىدە ئۈرۈمچى ۋالىيسى، تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ھەربىي ئىش-

لار نازارىتىنىڭ نازىرى دېگەندەك ئۈچ مۇھىم ۋەزىپىنى فەن ياۋنەن قوشۇمچە ئۆتەيدۇ.

ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەننى قەدىرلەپ ئىشقا سېلىشۋاتقانلىقى، ھەل قىلغۇچ تەدبىرلەر ئۈستىدە فەن ياۋنەن بىلەن پىكىرلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئىش كۆرۈۋاتقانلىقى ئۈچۈن، فەن ياۋنەن تۈرلۈك ئىشلار ئۈستىدە ياڭ زېڭشىنغا ئۆز پىكرىنى توغرىدىن توغرا بايان قىلالايتتى. شۇڭا، ياڭ زېڭشىن، فەن ياۋنەنلەر بىلەن خېلى ئۇبدان تونۇشىدىغان شۈي شۈيسىڭ ئەپەندى: «ئىش ئۈستىدە پەقەت فەن ياۋنەنلا ياڭ جياڭجۈن بىلەن باشقىچە پىكىرلەردە بولالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ شىنجاڭدا باشقىلاردىن پەرقلىق ئادەم ئىدى، ئۇنى ھەممەيلەن ھۆرمەتلەيتتى» دەيدۇ. فەن ياۋنەن شىنجاڭدا خىزمەت ئىشلىگەن مەزگىلدە، تۈرلۈك ئىشلارنى بىر ياقلىق قىلىشتا، ياڭ زېڭشىن بىلەن بەزىبىر نۇقتىلاردا بىر پىكىرگە كېلەلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئومۇمىيلىق جەھەتتە كېلىشىپ ئىش كۆرەتتىكى، كەسكىن توقۇنۇش پەيدا قىلمايتتى. بۇ خۇددى نىشان بىر، يول باشقا ـ باشقا دېگەندەكلا ئەھۋال ئىدى. مەسىلەن، ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنى باشقۇرۇشتا، ئالدى بىلەن شىڭخەينىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يۈەن داخۋانىڭ تەستىقلىشى بىلەن ئۆزى تەشكىللىگەن مۇسۇلمان قوشۇنىغا تايانغان. بۇ قوشۇن، تولاراق، كۆچمەس مۈلكى بار يەرلىك ئاھالىدىن تەشكىل تاپقان، ياڭ زېڭشىن بۇنداق قوشۇننى «جېنى بار، مۈلكى يوق» خەنزۇ كۆچمەنلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈرۈشىگە قارشى قويغاندا ئاسان غەلىبە قازانغىلى بولىدۇ، بۇ خۇددى مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئەمەلدارلارنى بىر ـ بىرلەپ ئۆلتۈرگەن گېلاۋخۇي پارتىيىسىنى يوقىتىشتا ياكى ئىسلام دىنىي مۇخلىسلىرى ئارىسىدىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنى بېسىقتۇرۇشتا مۇسۇلمان قوشۇنىدىن پايدىلانغاندا، مىللىي ۋە دىنىي توقۇنۇش كېلىپ چىقمىغانغا ئوخشاش ئىش دەپ قارايتتى. بۇ ئەمەلىيەتتە، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت ئىدى. فەن ياۋنەن بولسا مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى پەسەيتىش ۋە يوقىتىشنى، شۇنىڭ بىلەن، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا دوستانە، قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنى ئورنىتىشنى تەشەببۇس قىلغان. يەنە بىر مىسال، ياڭ زېڭشىن دەۋرىدىكى ھەربىي قوشۇن ناھايىتى چىرىكلىشىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئېلىپ بارمايتتى. فەن ياۋنەن قۇدرەتلىك قوشۇن قۇرۇشنىڭ پايدىسى باركى، زىيىنى يوق دەپ قاراپ، مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى) 5 ـ ئايلاردا بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ گوۋۇيۈەنىگە ئالاقە يوللاپ، ئۆزىنىڭ بۇ ھەقتىكى قارىشىنى بايان قىلغان. ئۇ مۇنداق دېگەن: «شىنخەيدىن تارتىپ ھازىرغىچە، جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغىلى ئون يىل بولدى. چېك سولالىسى ھەربىي كۈچ جەھەتتىن مۇنقەرز بولغان، مىنگو ھەربىي كۈچ جەھەتتىن قالايمىقانلىشىپ كەتكەن، كەيىنكەيىندىن پاراكەندىچىلىك بولۇۋېرىپ، بىرلىك پەقەت ۋۇجۇتقا كەلمىگەن، يىغىپ ئېيتقاندا، ھەربىي ئەمەلدارلار ھۆكۈمران بولۇۋالغان. جۇڭگونىڭ ئىستىقبالىنى خەۋپتىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن خەلققە زىيانلىق ھەربىي قوشۇننى يوقىتىپ، خەلققە پايدىلىق ھاكىمىيەتنى ئورنىتىش» كېرەك.[14] فەن ياۋنەن شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيە جەھەتتىكى ستراتېگىيىلىك ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەربىي قوشۇننى رەتكە سېلىش ئارقىلىق دۆلەت مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش كېرەك دەپ ھېسابلىغان. بولۇپمۇ شىنجاڭ ئەينى

ۋاقىتتا شۇنداق مۇھىتتا تۇراتتىكى، سوۋېت رۇسىيىسىدە ئىچكى ئۇرۇش تېخى توختىمىغان ئىدى؛ ئەنگلىيە ئۆزىگە قارام بولغان ھىندىستان، ئافغانىستانلارنى ھەم ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى مەنپەئەتىنى قوغداپ قالماقچى بولۇپ، شىنجاڭغا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىشكە ھە دەپ ئۇرۇنۇۋاتاتتى؛ ياپونىيە قوشۇنى مىنگونىڭ 7 - يىلى (1918 - يىلى) مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا كۆپلەپ ئۇسسۇپ كىرگەندىن كېيىن، شىنجاڭغا سىڭىپ كىرىش ئۈچۈن ھە دەپ قۇتراۋاتاتتى؛ شىنجاڭدىكى قىسمەن مىللىي بۆلگۈنچىلەرمۇ تۈركىيە، ئافغانىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئەرباپلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، شىنجاڭدا بىرەر مەنپەئەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇۋاتاتتى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا دۆلەت مۇداپىئەسىنى مۇستەھكەملەش تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالغانىدى. يەنە بىر مىسال: 1927 - يىلى شىمالغا يۈرۈش ئارمىيىسى كەينى - كەينىدىن غەلىبە قازىنىپ، چاڭجياڭ ۋادىسىنى شەرەپ بىلەن ئارقىمۇ - ئارقا قايتۇرۇۋالغان، مەملىكەت بويىچە 20 گە يېقىن ئۆلكە، رايون تېلېگرامما يوللاپ، بايراقنى ئۆزگەرتىپ، ئىنقىلابقا ئاۋاز قوشۇدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. لېكىن، ياڭ زېڭشىن بولسا شىنجاڭغا ھۆكۈمران بولغاندىن بۇيان، ئىچكى ئۆلكىلەردە ئىچكى ئۇرۇشنىڭ تىنماي داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى، مىلىتارىستلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ھوقۇق تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، شىنجاڭ يىراق چېگرىغا جايلاشقان، مىللىي تەركىب مۇرەككەپ، كۈچلۈك قوشنا دۆلەتلەر ھە دەپ تەھدىت سالماقتا، ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈشكە، ھۆكۈمەتتىن ئىلتىپات كۈتۈش ئىشىغا قاتنىشىشقا بولمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، چېگرىنى قوغداش، خەلقنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك دەيدىغان يېتەكچى ئىدىيىنىڭ قوماندانلىقىدا، شىنجاڭ مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلىسىلا بولدى، ھاكىمىيەت بېشىدا كىمنىڭ ئولتۇرۇشىنى سۈرۈشتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، دەيدىغان پوزىتسىيەنى تۇتقان. مانا بۇ كېيىنكى كۈنلەردە كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى ياڭ زېڭشىننىڭ «مازانى تونۇپ، ئەۋلىيانى ئىنكار قىلىش» تاكتىكىسى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا، جى، فېڭ مىلىتارىستلىرى شەكىل جەھەتتە يەنىلا مەركەزنىڭ چوڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشاتتى، شۇڭا، ئالدىراپ - تېنەپ تۇغنى ئۆزگەرتىپ، ئىنقىلابقا ئاۋاز قوشۇشتا ياڭ زېڭشىن قوشۇلمىغان. لېكىن، فەن ياۋنەن بولسا، ئېقىمغا ماسلىشىپ، شىمالغا يۈرۈش ئىنقىلابىغا مەدەت بېرىپ، ۋەتەننىڭ بالدۇرراق بىرلىككە كېلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلغانىدى. بۇنىڭدىن باشقا، مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) شىنجاڭ سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى ئۈستىدە سۆھبەت ئۆتكۈزگەندە، ياڭ زېڭشىن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىلگىرى شىنجاڭ قولدىن بېرىپ قويغان ھوقۇق - مەنپەئەتلەرنى قايتۇرۇۋېلىشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ شۇ چاغدىكى مالىمانلىقىنى، شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالىغا ئالدىنئالا ھۆكۈم قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پەۋقۇلئاددە ئەھۋال ئاستىدا يەنىلا سوۋېت رۇسىيىسى ئارقىلىق چېكىنىش يولىنى تۇتۇش كېرەكلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۆزگىرىش ياساشقا ئىمكانىيەت قالدۇرۇش لازىم دەپ ھېسابلىغان. فەن ياۋنەن بولسا، قايتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك ھوقۇق - مەنپەئەتنى چوقۇم قايتۇرۇۋېلىش لازىملىقىنى، ھەرگىز مادارا قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى قەتئىي تەشەببۇس قىلغان. يۇقىرىدا مىسالغا ئېلىنغان ياڭ زېڭشىن بىلەن فەن ياۋنەن ئوتتۇرىسىدىكى پىكىر ئىختىلاپلىرىدا، ئۇلار بەزىلىرىدە

كېڭەشمەش ئارقىلىق بىر پىكىرگە كەلگەن، بەزىلىرىدە بولسا مۇرەسسەلەشمەش يولى بىلەن ئىش كۆرگەن، يەنە بەزىلىرىدە ياڭ زېڭشىننىڭ پىكرى بويىچە ئىش كۆرۈلگەن. ياڭ زېڭشىننىڭ پىكرى بويىچە قىلىنغان ئىشلارنى فەن ياۋنەن كۆڭلىگە پۈكۈپ قويسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ مەيلىگە بېقىشقا توغرا كەلگەن.

فەن ياۋنەننىڭ شىنجاڭدا ياڭ زېڭشىنغا ياردەملىشىپ قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ چوڭ سىياسىي ئۇتۇقى شىنجاڭدا ئالدى بىلەن چەتئەللەرنىڭ تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلىرىنى بىكار قىلغانلىقىدىن ئىبارەت. سوۋېت ئۆكتەبر ئىنقىلابىدىن كېيىن، مىنگونىڭ 9 - يىلى (1920 - يىلى) نىڭ بېشىدا، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ يېڭى ھاكىمىيىتى تېخىچە ئىچكى ئۇرۇش ۋە تاشقىرىنىڭ ھۇجۇمى ئىچىدە تۇرۇۋاتقان، ئىقتىسادىي ۋەيران بولغان، خەلقنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلار تۈركىستان⑮ چېگرا رايون ھۆكۈمىتى ئارقىلىق جۇڭگو تەرەپنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشمەي تۇرۇپلا شىنجاڭنىڭ يەرلىك دائىرىلىرىدىن شىنجاڭ بىلەن باراۋەرلىك، دوستلۇق ئاساسىدا سودا ئالاقىسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈستى - ئۈستىلەپ تەلەپ قىلدى. شۇ چاغدا، شىنجاڭ رۇسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش تۈپەيلىدىن شىنجاڭ - رۇسىيە سودا ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويغانىدى، شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭ ماللىرىنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشى زور تەسىرگە ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن بولغان قاتناش توساق ئىدى، شۇنداق قىلىپ، ئىلگىرى شىنجاڭدىن سىرتقا چىقىرىلىپ تۇرغان ماددىي ئەشيالار بېسىلىپ قېلىپ، كېرەكسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالغان، سىرتتىن كىرگۈزۈش زۆرۈر بولغان ماللارمۇ ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئېھتىياجنى قاندۇرۇشقا ئىمكانىيەت بولماي قالغان، شۇنىڭ بىلەن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۇنىڭ جىددىي ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەن ياڭ زېڭشىن سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن سۆھبەت باشلاشقا قوشۇلدۇ. بۇ ئېغىر ۋەزىپە شۇ چاغدىكى ئۇرۇمچى ۋالىيسىنىڭ شۇنداقلا قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان فەن ياۋنەننىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ.

ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەن بىلەن ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىپ، ئاۋال تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىدە ۋاقىتىنچە كۆلىمى خېلى چوڭ «سوۋېت رۇسىيىسى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى» تەشكىل قىلىپ، بۇنىڭغا فەن ياۋنەننى مەسئۇل قىلىپ بېكىتىشنى، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن ياكى سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ مەلۇم بىر ساھەسى، مەلۇم بىر ئىشى بىلەن تونۇشلۇقى بولغان كىشىلەرنى ھەيئەتنىڭ ئەزالىقىغا تەكلىپ قىلىشنى بەلگىلەيدۇ. ياڭ زېڭشىن بىلەن فەن ياۋنەن بەلگىلىمىسى بويىچە سوۋېت رۇسىيىسى دىپلوماتىيە خەلق كومىتېتىنىڭ ئەزاسى جالالخاننىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە يوللىغان خىتاپنامە روھىنى ئاساس قىلىپ، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا دۆلەت ئىچىدىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئىنتايىن مۈشكۈل بولۇۋاتقانلىقىنى نەزەرگە ئالغان ھالدا كېڭەشمەش داۋامىدا كونسۇلنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقىنى ۋە ئۆتمۈشتە رۇسىيە سودىگەرلىرى شىنجاڭدا باج تۆلىمەيدىغان، جۇڭگو سودىگەرلىرىنىڭ رۇسىيىدىكى مال - مۈلكى خالىغانچە تۇتۇپ قېلىنىدىغان، مۇسادىرە قىلىنىدىغان تەڭ ھوقۇقسىز كونا بەلگىلىمىلەرنى بىكار قىلىش، باج نىزامىنى يېڭىباشتىن كېڭەشمەش بېكىتىش ھەم سوۋېت رۇسىيىسىدىكى جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنىڭ ھوقۇق - مەنپەئىتىنى قوغداشنى كېڭەشمەشنىڭ ئاساـ

سى قىلىش تەلەپ قىلىندى. شۇ مەقسەتتە فەن ياۋئەن مەسئۇللۇقىدىكى «سوۋېت روسىيىسى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش ھەيئىتى» شىيەنفېڭ خاندانلىقىنىڭ 10 - يىلى (1860 - يىلى) چار روسىيە بىلەن چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى ئىمزالىغان شىنجاڭغا ئالاقىدار «بېيجىڭ شەرتنامىسى»دىن تارتىپ تاكى چىڭ سۇلالىسى گۇاڭشۈي خاندانلىقىنىڭ 19 - يىلى (1893 - يىلى) تۈزۈلگەن «جۇڭگو - روسىيە بىرلىكتە تۈزگەن قازاقىستاندىكى بىر نەچچە جاينىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدىكى پۈتۈم»، شۇنىڭدەك سوۋېت روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن بۇرۇن ۋە كېيىن شىنجاڭ بىلەن روسىيىنىڭ مۇناسىۋىتى ۋە ھازىرقى ئەھۋالىغىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسىنى خەلقئارا قانۇن ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر مىزانى بويىچە تەپسىلىي مۇزاكىرە ھەم تەھلىل قىلدى. فەن ياۋئەن سوۋېت روسىيىنىڭ مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىشقا ۋە سىياسىي قانۇن بىلىملىرىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرەتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ «شىنجاڭ رۇس تىلى سىياسىي - قانۇن تېخنىكۇمىنىڭ بىرىنچى قارارىدىن ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلار ئەستىلىكى»گە يېزىلغان ئۈچىنچى كىرىش سۆزدە مۇنداق دېگەنىدى: «جۇڭگو بىلەن روسىيە چېگرىداش، تىل - يېزىقى ئوخشىمايدۇ. ھەر ئىشنىڭ باش - ئاخىرى ۋە سەۋەب - نەتىجىسى بولىدۇ، ئۇنىڭ راست - يالغىنىنى ئايرىماي بولمايدۇ. مەن باشقىلارغا يامانلىق قىلمىسام، باشقىلارمۇ ماڭا يامانلىق قىلماس، دەپ يۈرگىلى بولمايدۇ. تەتقىق قىلماي تۇرۇپ جۇڭگو بىلەن چەت ئەللەرنىڭ ئەھۋالىنى قانداقمۇ بىلگىلى بولىدۇ؟»، «ئىچكى جەھەتتە ئەلنى ئىدارە قىلىش، سىرت بىلەن مۇناسىۋەت باغلاشتا، سىياسىي قانۇن ئىلىملىرىنى ئاساس قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. قاتناش، سودا - سانائەت ئىشلىرىدا سىياسىي - قانۇن خادىملىرىنى يولباشچى قىلىش كېرەك. پايدىلىنىش دائىرىسى كەڭ بولسا، ئېھتىياج شۇنچە قانىدۇ.» فەن ياۋئەننىڭ قابىلىيەتلىك ۋە بىلىملىك بولغانلىقى، سەممىي ۋەتەنپەرۋەرلىك قەلبى شۇنىڭدەك ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ سەممىي ھەمكارلىقى ئارقىسىدا، كېڭەشمىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى ئۇزۇنغا بارمايلا پۈتۈپ، قارشى تەرەپكە كېڭەشمىنى باشلاش ئۇقتۇرۇلدى. تۈركىستان چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئالاقىچىسى ئازورنىن⑯ چېگرا رايونلۇق ھۆكۈمىتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى. ئەمەلىيەتتە، ئۇ موسكۋادىكى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنىدى. بىز تەرەپنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق ئالاقىچىسى فەن ياۋئەن⑰ ئىدى. كېڭەشمە باشلانغاندىن كېيىن سودا سۆھبىتىدە كېلىشىلگەن بېتىمگە قارىغاندا، كېڭىشىش خېلى ئوڭۇشلۇق بولغان. سودا ئالاقىسىنى يولغا قويۇش مەسىلىسى ئۈستىدە مۇنداق ئالتە ماددىلىق كېلىشىم ھاسىل قىلىنغان:

1. جۇڭگو شىنجاڭنىڭ ئىلى ماھكىمىسى بىلەن تۈركىستان ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئىككى دۆلەت چېگرا خەلقىنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭۈل رىشتىنى بىر - بىرىگە باغلاشنى كۆزلەپ، ئۆز ئارا سودا ئىشلىرى ۋە ئالاقىلىشىش ئورگىنى قۇرۇپ، بىر - بىرى بىلەن سۆزلىشىپ تۇرىدۇ.

2. جۇڭگو سودا ئىشلىرى ھەم ئالاقىلىشىش ئورگىنىنى روسىيە يەتتە سۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋېرنوشەھىرىدە⑱ قۇرىدۇ؛ روسىيە سودا ئىشلىرى ھەم ئالاقىلىشىش ئورگىنىنى جۇڭگونىڭ ئىلىدىكى غۇلجا شەھىرىدە قۇرىدۇ. بۇلار مەنپەئەت ئالماشتۇرۇش ۋاسىتىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ.

3. رۇسىيىنىڭ سودا ئىشلىرى ھەم ئالاقىلىشىش ئورگىنى ياكى ئاددىي رۇسىيە پۇقراسى رۇسىيىدىن مال ئېلىپ ئىلىغا كەلگەندە ياكى ئىلىدىن مال ئېلىپ رۇسىيىگە قايتقاندا، چوقۇم شىنجاڭنىڭ بىر تۇتاش باج ئېلىش نىزامنامىسى بويىچە جۇڭگو باجخانىسىغا باج تاپشۇرىدۇ.

4. نىكەن چازىسى ئىككى دۆلەت سودا ئالاقىسىدا چېگرىدىن كىرىش ـ چىقىشنىڭ مۇھىم يولى قىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ يەردىن ئەگىپ باشقا جايدىن ئۆتكۈچىلەر بولسا، باج ئوغرىلىغۇچىلار قاتارىدا قانۇن جازاسىغا تارتىلىدۇ.

5. ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا سودا ئۈستىدە تالاش ـ تارتىش يۈز بېرىپ قالسا ھەم مۇلۇكچىلىك ئۈستىدە جىنايىي ئىشلار كۆرۈلسە، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە تۇرۇۋاتقان دۆلەتنىڭ قانۇنى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلىپ ئىجرا قىلىنىدۇ.

6. ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئىش بىلەن چېگرىدىن ئۆتۈشتە، ئىككى تەرەپتىن بېرىلگەن پاسپورتى قولىدا بولۇشى كېرەك، شۇ چاغدا چېگرىدىن ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئىككى تەرەپ كېلىشكەن يۇقىرىدىكى ئالتە ماددىلىق بېتىمدە سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ شىنجاڭدا شىيەنپېڭ خاندانلىقىنىڭ 10 ـ يىلى (1860 ـ يىلى) ئىمزالانغان جۇڭگو ـ روسىيە شەرتنامىلىرىدىن تارتىپ بەھرىمەن بولۇشقا باشلىغان قانۇنسىز ئىمتىيازلىرى ئوچۇق ـ ئاشكارا بىكار قىلىنغان؛ بىز تەرەپ تاموژنا بېجى ئىگىدارچىلىقىغا ئىگە بولغان ھەم سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ شىنجاڭدىكى كونسۇل ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بىكار قىلىنغان. بۇ، دۆلىتىمىز چىڭ سۇلالىسى داۆگۇاڭ خاندانلىقىنىڭ 23 ـ يىلى (1843 ـ يىلى) تۈزۈلگەن جۇڭگو ـ ئەنگلىيە بەش ئېغىز ئارقىلىق سودا قىلىش نىزامنامىسىدىن باشلاپ چەت ئەللەرگە جۇڭگودا بەھرىمەن بولۇشقا بېرىلگەن قانۇنسىز ئىمتىيازلارنىڭ تۇنجى قېتىم يىمىرىلگەنلىكى، ئىگىلىك ھوقۇقىنىڭ قايتۇرۇۋېلىنغانلىقى بولۇپ، ھېسابلىنىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە، دۆلىتىمىز 1843 ـيىلى جۇڭگو ــ ئەنگلىيە بەش ئېغىز ئارقىلىق سودا قىلىش نىزامنامىسى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ فرانسىيە، ئامېرىكا، نورۋېگىيە، رۇسىيە، گېرمانىيە، گوللاندىيە، دانىيە، ئىسپانىيە، بېلگىيە، ئىتالىيە، ئاۋسترىيە، پېرو، برازىلىيە، پورتوگالىيە، ياپونىيە، مېكسىكا، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيىگە ئوخشاش 19 دۆلەت ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۆلىتىمىز بىلەن شەرتنامە تۈزگەن، ئەنگلىيىگە مەملىكىتىمىزدە بەھرىمەن بولىدىغان كونسۇل ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بېرىلگەن. فەن ياۋنەن بىلەن ئازورنىن كېلىشكەن شىنجاڭ بىلەن سوۋېت رۇسىيىسى ئوتتۇرىسىدىكى «ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» ھەممىدىن بۇرۇن تولۇق بىكار قىلىندى. شۇنىڭدىن 7 يىل كېيىن دۆلىتىمىز باشقا دۆلەتلەر بىلەن تۈزگەن، ئاشۇنداق تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامىلەرنى بىكار قىلدى. مۇشۇ تارىخىي پاكىت دۆلىتىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقە باغلاش تارىخىغا ئالاھىدە كىرگۈزۈشكە تېگىشلىك.

فەن ياۋنەن بىلەن ئازورنىن ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتكە قويۇلغان باشقا ئىككى مەسىلە بىر قەدەر پەۋقۇلئاددە مەسىلە ئىدى. ئۇنىڭ بىرى شۇكى، ئۆكتەبىر ئىنقىلابى ۋاقتىدا چارروسىيىنىڭ يېڭىلگەن ئەسكەرلىرى ۋە پۇقراسى بولۇپ يىگىرمە مىڭدىن

ئوشۇق ئادەم شىنجاڭغا قېچىپ كىرگەن. بۇنىڭدىن سىرتقى كۆندۈرۈش يولى بىلەن روسىيىگە 4 — 5 مىڭ ئادەم قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، كۆپچىلىكى قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بېسقتۇرۇۋېتىلىشتىن قورقۇپ، شىنجاڭ تەۋەسىدە تۇرۇۋالغانىدى. ئەھۋال مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، ئۇلارنى ئۇزۇنغىچە ئوزۇق - تۈلۈك، يەم - خەشەك بىلەن تەمىنلەش كە شىنجاڭنىڭ كۈچى يەتمەيتتى. بۇ ھال شىنجاڭنىڭ چېگرا مۇداپىئەسىگە ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە ئېغىر خەۋپ يەتكۈزۈپ، شىنجاڭ ئۈچۈن زور ئاپەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇنداق ئادەملەرنى قارشى تەرەپكە ئۆتكۈزۈپ بېرىش ئالاقىدار خەلقئارا قانۇنلاردىكى ئاددىي بەلگىلىمىلەرگە ئۇيغۇن كېلىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى بۇنداق قىلىشمۇ شىنجاڭنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. بۇ ئادەملەرنى ئىمكان قەدەر ئۆز دۆلىتىگە تېزدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن، بىز تەرەپ قارشى تەرەپكە مۇشۇ ئادەملەر ئۆز دۆلىتىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن باستۇرماسلىق ۋە جازالىماسلىققا ۋەدە بېرىش تەلىپىنى قويىدى ۋە مۇشۇنداق قىلغاندا، بىز تەرەپنىڭ ئۇلارنى سىرتقا كۆندۈرۈش خىزمىتىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. قارشى تەرەپ ئۆزىگە دۈشمەن كۈچلەرنى ئازايـ تىشنىڭ يېڭى ھاكىمىيەت ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتۇپ، يېڭىلگەن قاچاق چاررۇس ئەسكەرلىرىنى ۋە پۇقرالارنى ئۆز دۆلىتىگە قايتۇرۇش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىككى تەرەپ تۆۋەندىكىدەك كېلىشتى:

7. روسىيە ۋەكىلى تاشكەنت ھۆكۈمىتى ئېلان قىلغان گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىش ھۆججىتى ئىنسانلىققا ھۆرمەت قىلىنغان مۇقەددەس، دەخلىسىز ھۆكۈم ئىكەنلىكى ئۈستىدە خىتابنامە بايان قىلدى. مۇشۇنداق چۈشەنچە بېرىلگەندىن كېيىن، قاچاق ئەسكەر ۋە پۇقرالارمۇ خەۋپ - خەتەردىن خالاس بولدى. جۇڭگو ھۆكۈمىتى كۈچىنىڭ بارىچە ئۇلارنى ئۆز دۆلىتىگە قايتىشقا دەۋەت قىلىپ، ئۇ يەردە خاتىرجەم تىرىكچىلىك قىلىش ئىمكانىيىتى بېرىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

8. ئىلى مەھكىمىسىنىڭ رۇخسىتى بىلەن رۇسىيە بىر ۋەكىل تەيىنلەيدۇ، ئۇ 3 — 4 ھەمراسى بىلەن بىللە غۇلجىغا كېلىپ ئالاقىلىشىش ئىدارىسى بىلەن بىرلىكتە، قاچاق ئەسكەرلەر ۋە پۇقرالارنى رۇسىيىگە قايتۇرۇپ كېتىش ئىشىنى بېجىرىدۇ، بۇ ئىش تۈگىگەن ھامان ئۆز دۆلىتىگە قايتىدۇ.

بۇ مەسىلىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە بىر قىسىم قاچاق ئەسكەر ۋە پۇقرالار رۇسىيىگە قايتۇرۇلدى. ئاخىرىدا ۋەز - نەسىھەتنى ئاڭلىماي، ئۆز دۆلىتىگە قايتماي تۇرۇۋالغان جاھىللار مەسىلىسىنى بىز تەرەپ قىزىل ئارمىيە بىلەن بىرلىكتە قورال كۈچى ئارقىلىق تولۇق ھەل قىلىپ، شىنجاڭدا دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىگە تەسىر يەتكۈزۈۋاتقان يوشۇرۇن ئاپەتنى يوقاتتى.

يەنە بىر مەسىلە جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ رۇسىيىدە تارتىۋېلىنغان مال - مۈلۈكلىرى ۋە تارتقان باشقا زىيانلىرى توغرىسىدىكى مەسىلە، بۇمۇ بىر پەۋقۇلئاددە مەسىلە ئىدى. شىنجاڭ بىلەن سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ چېگرىسى تۇتىشىپ تۇرىدىغانلىقى ئۈچۈن، شىنجاڭـ دىكى موڭغۇل، قازاق، خۇيزۇ، ئۇيغۇر خەلقلىرىدىن چەك سودىلىرى مەزگىلىدە رۇسىيىگە ئۆتۈپ سودا ساھەسىدە ئۇلارغا يالىنىپ ئىشلىگەنلەرنىڭ سانىنى ساناپ بولغىلى بولـ مايتتى. شۇەنتوڭ خاندانلىقىنىڭ 2 - يىلىدىكى تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، پەقەت سەمەرقەنت،

ئالمۇتا، ئەنجان، تاشكەنت، قوقان، ئوش قاتارلىق جايلاردىلا شىنجاڭ مۇھاجىرلىرىنىڭ سانى 45 مىڭ كىشىدىن ئاشىدىكەن. مىنگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، سىرتقا چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ سانى ئاشقانكى، پەقەت كېمەيمىگەن. مۇشۇ مۇھاجىرلار دۆلىتىمىزنىڭ باشقا ئۆلكە، رايونلىرىدىن بېرىپ، رۇسىيەدە تۇرۇۋاتقان مۇھاجىرلارغا ئوخشاشلا ھەمىشە خورلىنىپ ۋە ھاقارەتلىنىپ كەلگەن. ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، يېڭى ھاكىمىيەت تېخى مۇستەھكەملىنىپ كەتمىگەن ھەم ئىشلار مۇنتىزىم ئىزغا چۈشۈپ كەتمىگەن ئەھۋالدا، شىنجاڭنىڭ رۇسىيەدىكى مۇھاجىرلىرىنىڭ مال - مۈلكىنىڭ بىرمۇنچىسى جۇڭگو كونسۇلىنىڭ ھىمايىسى بولمىغان ئەھۋالدا تارتىۋېلىنغان ۋە مۇسادىرە قىلىنغان، بۇنىڭدىن زىيان ناھايىتى زور بولغان. بۇ قېتىمقى فەن ياۋنەن — ئازورنىن سۆھبىتىدە، بىز تەرەپ تارتىۋېلىنغان ھەم مۇسادىرە قىلىنغان مال - مۈلۈكلەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى، مۇھاجىرلار تارتقان زىياننى تۆلەپ بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەسىلە ئۈستىدە، تالاش - تارتىش قىلىنغان پرىنسىپ ۋە ئۇششاق - چۈششەك ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھەر ئىككى تەرەپ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرغان، بىر پىكىرگە كېلەلمەي سۆھبەتنى نۇرغۇن قېتىم توختىتىپ قويۇشقان. رۇسىيە ۋەكىلى ئازورنىن فەن ياۋنەننىڭ بەك چىڭ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر ئامال قىلىپ ياڭ زېڭشىن بىلەن بىۋاستە ئۇچراشماقچى بولىدۇ، بىراق ياڭ زېڭشىن دىپلوماتىيە ئىشىغا ئارىلاشسام بولمايدۇ، دەپ كۆرۈشۈشنى رەت قىلىدۇ. لېكىن ئۇ ئاستىرتىن فەن ياۋنەنگە سۆھبەت بۇزۇلۇپ كەتمىسۇن ئۈچۈن سەل پەل جانلىق بولۇش توغرىلۇق بىشارەت بېرىدۇ. ئاخىرىدا بۇ مەسىلە قوشۇمچە قىلىنىپ مۇنداق كېلىشىلگەن:

9. رۇسىيە ۋەكىلى بۇ مەسىلىنى ھوقۇق دائىرەمگە كىرمەيدۇ، لېكىن، بۇنداق ئىشلار توغرىسىدا تاشكەنت ھۆكۈمىتى تەكشۈرۈپ، تۆلەپ بېرىش ئورگىنى تەسىس قىلىدۇ، كەلگۈسىدە جۇڭگونىڭ سودا ھەم ئالاقىلىش ۋەكىلى رۇسىيەگە بېرىپ بىۋاستە سۆزلەشسە بۇنىڭ نەتىجىسى ياخشى بولۇشى مۇمكىن، دەپ چۈشەنچە بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن، روسىيە ۋەكىلى ئىلى مەھكىمىسىنىڭ تەلىپىنى تاشكەنت ھۆكۈمىتىگە يەتكۈزۈپ، شەخسەن ئۆزى بۇ ئىشقا كۈچ چىقىرىدۇ.

10. يۇقىرىدىكى ماددىلارغا ئىككى تەرەپ ۋەكىللىرى بىردەك قوشۇلىدۇ ھەم خەنزۇچە، روسچە يېزىقلاردا يېزىلىپ خاتىرىگە ئېلىنىدۇ، ھەر بىرى ئىككى نۇسخىدىن تەييارلىنىدۇ، ئىككى تەرەپ ئىمزا قويغاندىن كېيىن ئالماشتۇرۇلۇپ بىردەك رىئايە قىلىنىدۇ.

فەن ياۋنەن بىلەن ئازرونىن كېلىشىم تۈزۈش جەريانىدا، سودا قىلىش دائىرىسىنىڭ ئىلى بىلەنلا چەكلىنىدىغانلىقى، كېلىشىمگە بىز تەرەپتىن ئۆلكە دائىرىلىرى ياكى تاشقى ئىشلار مەھكىمىسى ئەمەس، ئىلى ۋالىيسى ھەم ئالاقىچى شۆي گوجىنلا ئىمزا قويسا بولىدىغانلىقى ئۈستىدىمۇ قاتتىق تالاش - تارتىش قىلدى. بىز تەرەپ ئالدىراپ - تېنەپ ئومۇميۈزلۈك ئۇچرىشىشنى، ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن ئىش كۆرۈپ بىز تەرەپنىڭ مەنپەئەتىگە زىيان يەتكۈزۈشنى خالىمىدى. بىز تەرەپنىڭ پوزىتسىيىسى قاتتىق بولغاچقا، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ۋەكىلى ئاخىر بىز تەرەپ كۆرسەتكەن دائىرىگە قوشۇلدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت بىر قانچە ئايغىچە سوزۇلدى. رەسمىي كېلىشىم مىنگونىڭ

9 - يىلى (1920 - يىلى) 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئىمزالاندى.

«ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» تۈزۈلۈپ بىر يىل كېيىن يەنى 1921 - يىلى 5 - ئايدا سوۋېت رۇسىيىسى يەنە ۋەكىل كازانىسكىنى ئەۋەتىپ، يەنە چۆچەك، ئالتاي، قەشقەر، ئۈرۈمچى قاتارلىق جايلارنى سودا پورتى قىلىپ ئېچىپ بېرىش ھەم ئېچىپ بېرىلگەن جايلاردا كونسۇلخانا قۇرۇش ياكى كونسۇلخانىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش تەلىپىنى قويدى. بۇ گەرچە ۋەزىيەت تەرەققىياتىدىكى مۇقەررەرلىك بولۇپ، ئىككىلا تەرەپ ئۈچۈن پايدىلىق بولسىمۇ، ئەمما سوۋېت تەرەپنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا تېخىچە ياخشى بۇرۇلۇش بولمىغانلىقى، تەلەپ بىز تەرەپكە قارىغاندا تولىمۇ كەسكىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز تەرەپ ئىشنى ھەش -بەش دېگۈچە پۈتتۈرۈشكە ئالدىراپ كەتمىدى. شۇڭا ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى ۋالىسى قوشۇمچە تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تۇرغان فەن ياۋنەن ياڭ زېڭشىننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بىز تەرەپ ئۈچۈن تېخىمۇ پايدىلىق بولغان 14 ماددىنى سۆھبەتنىڭ ئاساسى قىلىشنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويدى. سۆھبەت باشلانغاندىن كېيىن، كازانىسكى ئاخىرى بىز تەرەپ قويغان شەرتلەرنى بەك «ئېغىر» بولۇپ كەتتى دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇ كېلىشىم ھاسىل قىلماي تۇرۇپلا دۆلىتىگە قايتىپ كەتتى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە، مىنگونىڭ 12- يىلى (1923 - يىلى) 9 - ئايدا سوۋېت رۇسىيىسى ئىلگىرى «ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» گە مەسئۇل بولۇپ ئىمزا قويغان ۋەكىلى ئازورىننى يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا ئەۋەتىپ، بىز تەرەپ مىنگونىڭ 10 - يىلى (1921 - يىلى) كازانىسكىنىڭ ئالدىغا قويغان 14 ماددىنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلغان ھالدا يەنە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. فەن ياۋنەن يەنىلا بىز تەرەپنىڭ ئالاھىدە ھوقۇقلۇق سۆھبەت ۋەكىلى بولدى. سۆھبەتتە، سوۋېت تەرەپ سىياسىغا چېتىلىدىغان بەزىبىر ماددىلارنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ئەمما بىز تەرەپ ئۇنى قەتئىي رەت قىلدى، پەقەت سودا قىلىش دائىرىسى ئىچىدىلا كېڭەشىشنى تەكىتلىدى. شۇڭا، ئىككى تەرەپ بىر - بىرىگە رەددىيە بېرىشتى، لېكىن، بىز تەرەپ پەقەت يول قويمىدى، سۆھبەت بىر نەچچە قېتىم ئۈزۈلۈپ قالدى. سۆھبەت شۇ تەرىقىدە سەككىز ئايغا يېقىن داۋام قىلدى، سۆھبەت بىر قانچە ئون قېتىم توختاپ قالدى. ئاخىر بىز تەرەپ چىڭ تۇرغان پرىنسىپ ئاساسىدا سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئازورىنىن قوشۇلدى، شۇنىڭ بىلەن، مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى) رەسمىي كېلىشىم توققۇز ماددا، قوشۇمچە ئالتە ماددا ئۈستىدە كېلىشىم ھاسىل قىلىندى. بۇلارنىڭ مەزمۇنىدا «ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» دىكى بىز تەرەپ ئۈچۈن پايدىلىق بولغان نۇقتىلار بولغاندىن تاشقىرى، بىز تەرەپتىن ئۈرۈمچى، قەشقەر، چۆچەك، ئالتايدىن ئىبارەت تۆت جاي سودا قىلىش ئورنى قىلىنىدىغان بولدى؛ سوۋېت تەرەپتىن تاشكەنت، ئەنجان، سېمەي، زايساندىن ئىبارەت تۆت ئورۇننى بىز تەرەپنىڭ سودا قىلىدىغان ئورنى قىلىنىدىغان بولدى. كېلىشىمدە يەنە شىنجاڭ خەلقىنىڭ سوۋېت سوتسىيالىستىك جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقىنىڭ چېگرا رايونىدىكى تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ئالتاي ئۆلكىسىدە، رۇسىيىدىكى سىياسىي ئۆزگىرىش تۈپەيلىدىن سوۋېت رۇسىيە مەھكىمىسى مۇسادىرە قىلغان ۋە باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان جۇڭگو

مۇھاجىرلىرىنىڭ ھەممە مال - مۈلۈكلىرى ھەم باشقا زىيانلىرىنى تۆلەپ بېرىشنىڭ كونكرېت چارىسىمۇ بەلگىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە شەرتنامىدە ئىككى تەرەپنىڭ ھەر قانداق ئۇسۇل بىلەن قارشى تەرەپنىڭ نەق سىياسىي تۈزۈمىگە قارشى ھەرقانداق سىياسىي قۇتراتقۇلۇق قىلىشىغا يول قويۇلمايدىغانلىقى ئالاھىدە يېزىلغان. بۇ كېلىشىم رۇسىيىدىكى شىنجاڭ مۇھاجىرلىرىنىڭ مال - مۈلۈك جەھەتتە تارتقان زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش تەلىپىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ كونكرېت ئىشقا ئاشۇرۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىرى بىلەن سودا قىلىدىغان ئورۇندا سودا ۋەكىلى ئەمەس، دىپلوماتىيە ۋەكىلى تۇرغۇزىدىغان بولدى. بۇ، بىز تەرەپنىڭ سوۋېتنىڭ بىزنىڭ زېمىنىمىزدا چەت ئەللەر بىلەن سودا قىلىش ئورگىنى قۇرۇلۇشىغا چەك قويۇش چارىسى ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە «شىنجاڭ ـــ رۇسىيە قىسمەن سودا شەرتنامىسى» دەپ ئاتالغان شەرتنامە شۇ ئىدى. مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى) 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى بېيجىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئەدلىيە مىنىستىرلىكى بۇ شەرتنامىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، بولغىدەك[20]، دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن ھۆكۈمەت 5 - ئايدا سوۋېت رۇسىيىسى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ «جۇڭگو بىلەن رۇسىيە ئوتتۇرىسىدا ئېسىلىپ قالغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش پروگراممىسى» نى ئىمزالاش باھانىسى بىلەن شەرتنامىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ئىشىنى كېيىنگە سۈرىدۇ. ياڭ زېڭشىن بېيجىڭ ھۆكۈمىتىگە ئۈستى - ئۈستىلەپ تېلېگرامما يوللاپ شەرتنامىنى تېزرەك تەستىقلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكى ئىچكى كابىنېت يىغىنىدا بۇنى مۇزاكىرىگە قويغاندا، تەكلىپ تولۇق ماقۇللۇقتىن ئۆتىدۇ. گۇۋۇيۈەن 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنى شىنجاڭغا جاۋاب تېلېگرامما ئەۋەتىدۇ. شۇڭا، سودا شەرتنامىسى كېيىنگە سۈرۈلۈپ رەسمىي ئىمزا قويۇش ئىشى كېچىكىپ كېتىدۇ. «شىنجاڭ ـــ رۇسىيە قىسمەن سودا شەرتنامىسى» ئۈستىدە كېلىشىم بولۇشتىن ئىلگىرى 1923 - يىلنىڭ باشلىرى يەنە ئافغانىستان بىلەن شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىكى يەكەن ناھىيىسى بىلەن ئافغانىستاننىڭ بادا تېغىدا سودا قىلىش بېتىمى تۈزۈلدى، شۇنىڭ كەينىدىنلا «ئىلى ۋاقىتلىق سودا كېلىشىمى» پرىنسىپ جەھەتتىن ئىمزالاندى، شۇنىڭ بىلەن، باراۋەرلىك ۋە بىر - بىرىگە پايدا يەتكۈزۈش يولغا قويۇلدى.

فەن ياۋنەننىڭ شىنجاڭدا دىپلوماتىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇش جەريانىدىكى نەتىجىلىرى ئارقىسىدا، دۆلىتىمىزنىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتە بوزەك قىلىنغان 77 يىللىق پاجىئەلىك تارىخى ئۆزگىرىشكە باشلايدۇ. ياڭ زېڭشىن بۇنىڭدىن مەمنۇن بولۇپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە فەن ياۋنەننى ئالاھىدە باش ئەلچى قاتارىدا ئىشقا قويۇش، چەت ئەلدە تۇرۇشقا باش ئەلچى كەملىك قىلغاندا ئۇنى باش ئەلچىلىك ۋەزىپىسىگە قويۇش ھەققىدە ئىلتىماس سۇنىدۇ.

## 4. تۆھپە ۋە خاتالىقتا ئەللۇمەتتە باھا بېرىلىدۇ

فەن ياۋنەننىڭ شىنجاڭغا بىللە ئېلىپ كەلگەن توقلى ساۋ خانىم شىنجاڭغا كېلىپ ئىككى يىل ئۆتكەندە بىر قىز تۇغىدۇ، ئۇنىڭغا دىسېك (ئۇرۇمچىدە تۇغۇلغان)

دەپ ئات قويىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ساۋ خانىم ئوتتۇرا ياش ۋاقتىدا كېسەل-
دىن ساقىيالماي دۇنيادىن ئۆتىدۇ. قىزى دىسېگىنى ئايال خىزمەتكار جىن ئۆز تەربىيە-
سىگە ئالىدۇ. ساۋ خانىم بەختكە قارشى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، فەن ياۋنەن ياپونى-
يىدىكى خوتۇنى بىلەن بالىسى خۇسېگىنىڭ يىراق دېگىز - ئوكيانلارنىڭ ئۇ تەرىپىدە
تۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇرۇنقى خوتۇنى لى خانىم تۇغقان ئىككى ئوغۇل، بىر قىزىنىڭ
تېخىچە ئۆز-ئۆزىنى جوڭگۇرالمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بەزىسىنىڭ بېيجىڭدا ئوقۇۋات-
قانلىقىنى، يەنە بەزىسىنىڭ خۇبېيدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئەسلەپ، شۇلارنىڭ يېنىغا كەتكۇ-
سى كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ياڭ زېڭشىغا كۆپ قېتىم ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى بايان
قىلىدۇ، ئەمما ياڭ زېڭشىن پەقەت ئۇنىماي، بىر تالاي چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ ئۇنى
قالدۇرۇپ قالىدۇ. مىنگونىڭ 12 - يىلى (1923 - يىلى) فەن ياۋنەننىڭ ئانىسى خۇبېي-
دىكى ئۆيىدە كېسەل سەۋەبى بىلەن دۇنيادىن ئۆتىدۇ. خىزمىتى ئەسلىگە كەلگىلى
ئۇزۇن بولمىغان لى يۈەنخۇڭ زۇڭتۇڭ گىرۇھىكى سېرىق، ئوتتۇرىسى ئاق شايىغا «مېھرىبان
ئانا كېسەل بىلەن كەتتى دۇنيادىن» دېگەن سۆز يېزىلغان تەزىيەنامىنى ئۆز قولى
بىلەن تەييارلاپ، ئۇنى مەخسۇس تەيىنلەنگەن ۋەكىلدىن خۇبېيگە ئەۋەتىپ تەزىيە
بىلدۈرىدۇ. چوڭ ئوغۇل بولغان فەن ياۋنەن مۇسىبەت ئىشى بىلەن ياڭ زېڭشىندىن
رۇخسەت سورىسا، ياڭ زېڭشىن ئۇنىڭ ئىنىلىرى ۋە كېلىنلىرى بار، دەپنە ئىشىنى
ئۇلار ئوبدان ئورۇندىيالايدۇ، دەپ رۇخسەت بەرمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ خىزمىتىدىن
ئىستىپا بەرمەكچى بولىدۇ، بىراق، ياڭ زېڭشىن بۇنىڭغىمۇ ئۇنىمايدۇ. ئانىسى ۋاپات
بولغاندا ئۇنىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ يەرلىكىدە قويالمىغان فەن ياۋنەن قاتتىق ھەس-
رەت چېكىدۇ، قارىلىق㉑ تۇتماقچى بولۇپ، پەرھىز قىلىپ گۆشسىز تاماق يەيدۇ. بۇ
چاغدا ياڭ زېڭشىن يېنىشلاپ: «شىنجاڭ بىزنىڭ ئىشلىشىمىزگە مۇھتاج، يۇرتقا قايتى-
دىغان چاغدا بىللە قايتىمىز، ئالدىرىماڭ، ئائىلىڭىزدە قانداقلا قىيىنچىلىق بولسا مەن
بار، ئۇنى ھەل قىلىمەن» دەيدۇ. مىنگونىڭ 13 - يىلى (1924 - يىلى) شىمالغا يۈرۈش
ئارمىيىسى غەلىبىلىك ئىلگىرىلەيدۇ، ھەممە يەرنى ئۇرۇش ئىس - تۈتەكلىرى قاپلايدۇ.
بۇ چاغدا، فەن ياۋنەن دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرىدىن قاتتىق قايغۇرىدۇ، خەلقنىڭ
ئازاب چېكىۋاتقانلىقىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. شۇنداقتىمۇ بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش
قولىدىن كەلمەيدىغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىسىنى قاتتىق سېغىنىدۇ. ئەمما، ياڭ زېڭشىن
مەملىكەت ئىچىدىكى بۇنداق مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، ئۆزىگە يۆلەنچۈك قىلىش ئۈچۈن
فەن ياۋنەنگە تېخىمۇ چىڭ ئېسىلىدۇ. ياڭ زېڭشىن دائىم فەن ياۋنەنگە: «بىز بولساق،
چۆل - باياۋاندا كېزىپ يۈرگەن چىن دوستلار، يۇرتقا كەتسەك بىللە كېتىمىز - ھە؟»
دەيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، فەن ياۋنەن سەل جىمىپ قالىدۇ، بولۇپمۇ شۇ نەرسە فەن
ياۋنەننى رەنجىتىپ قويىدىكى، ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسى كونا ئادەت قارىشىغا ئېسىلىۋېلىپ،
ئەمەلدار بولۇشتىن مەقسەت پۇل تېپىپ باي بولۇش، ئاندىن كۆپلەپ يەر - زېمىن
سېتىۋېلىپ، كىيىم - كېچەكلىرىنى تولۇقلىۋېلىپ يۇرتىغا قايتىپ كۈنىنى ئۆتكۈزۈش
دەپ ھېسابلىغان. فەن ياۋنەن بېيجىڭدىكى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە سىياسىي مەسلىھەتچى
ۋە ئاساسىي قانۇن تۈزۈش ھەيئىتىدە ئىشلىگەندىن تارتىپ يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا
كەلگەنگە قەدەر، ئۇنىڭ ئىنىلىرىدىن كېلىپ تۇرغان يۇقىرىقىدەك مەزمۇندىكى خەتلەر

ئۇنى داۋاملىق قىيناپ كەلگەن. ئۇنىڭ بۇ توغرىدىكى كۆز قارىشى ئىنىلىرىنىڭكىدىن تامامەن باشقىچە ئىدى. ئۇ چوڭ ئوغلى شى سوڭغا يوللىغان نۇرغۇن خەت ۋە تېلېگراممىلىرىدا ئۆزىنىڭ: «پۇل تېپىپ مال - مۈلۈك سېتىۋېلىشقا بولمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلىنسا، كېيىنكى ئەۋلادلار چىرىكلىشىدۇ. مەن شەخسەن يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئۆي - جاي جەھەتتە ئاددىي - ساددا بولۇشنى تەلەپ قىلىمەن» دەيدىغان پوزىتسىيىدە ئىكەنلىكىنى كۆپ قېتىم بىلدۈرگەن. ئۇ ئىنىلىرىگە يوللىغان تېلېگرامما ۋە خەت چەكلىرىدىمۇ: «مۇئاشىمدىن ھېچقانچە بىر نەرسە ئېشىنالمايمەن㉓. بىر ئائىلىنى يېمەك - ئىچمەك ۋە كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلىگەندىن تاشقىرى، مال - مۈلۈك سېتىۋالغۇدەك بىر نەرسە ئېشىنالىغىنىم يوق. جۇڭگو بېيىپ قۇدرەت تاپسا، كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىز كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەكتىن قىسىلماس» دەپ ئەسكەرتىپ تۇرغان. گەرچە بۇلار فەن ياۋنەننىڭ يۈرەك سۆزلىرى بولۇپ، ھەقىقىي ئەھۋال بايان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما، ئۇنىڭ تۇققانلىرى پەقەت ئىشەنمىگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسىدىن تەڭلا خەت كېلىپ، ئائىلىدە جان سانىنىڭ ئېشىپ، بۆلۈنۈشنىڭ زۆرۈر بولۇپ قېلىۋاتقانلىقى، شۇڭا، ئائىلىسىنىڭ مۈلكىنى بۆلۈشمىسە بولمايدىغانلىقى ئىزھار قىلىنىدۇ. فەن ياۋنەنگە ھەمرا بولۇپ ئۇنى ئۇزۇن كۈتكەن، فەن ياۋنەن زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن ئىلگىرى ياشىنىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەلگەن تيەن فۇ ئەپەندى كېيىن مۇنداق دېگەن: فەن ياۋنەن ئىككى ئىنىسىنى ئائىلىسىنىڭ مۈلكىنى بۆلۈشۈشتىن توسۇپ قالالمىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئېچىنغان. ئادەتتە ئىچىملىكنى يېقىن يولاتمايدىغان فەن ياۋنەن ئىنىلىرىنىڭ ئائىلە مۈلكىنى بۆلۈشۈۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ، دەرتكە چىدىماي دائىم يالغۇز ئۆزى مەس بولغىچە شاراپ ئىچىدىغان بولۇپ قالغان. فەن ياۋنەننىڭ ئىنىلىرى ئائىلە مۈلكىنى بۆلۈشۈۋالغاندىن كېيىن، ئىككى ئىنىسىنىڭ پۇلى ۋە ئائىلە مۈلكى كۆپەيگەن بولسىمۇ، فەن ياۋنەننىڭ مۈلكى ئۆز ۋاقتىدا بۆلۈنگەن 10 مودىن ئوشۇقراقلا يەردىن ئىبارەت بولغانكى، ئۇنىڭغا بىرەر تۈپ دەرەخ، بىرەر تاپان يەرمۇ قوشۇلمىغان.

فەن ياۋنەن ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ مۇھىم خىزمەت ئىشلىگەن بولسىمۇ، باشتىن - ئاياق قول ئاستىدىكىلەر ئالدىدا كەمتەر بولۇپ كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ياخشى ئۆتىدۇ. شىنجاڭنىڭ سىياسىي دائىرىدىكىلىرى ئۇنى بەك ماختايدۇ. ئۇ ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى كونا ئەمەلدارلار بىلەن (ياڭ زېڭشىندىن باشقا) ئانچە كۆپ بېرىش - كېلىش قىلمايدۇ، ۋىجدانلىق ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە ئەدىبلەر بىلەنلا بىر قەدەر قويۇق ئالاقىدا بولىدۇ. ئۇ ئالاقىلىشىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغاندىن كېيىن، مەھكىمىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا (ھازىرقى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ شىمالىي يان تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ) ئولتۇرۇپ، قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان بۆلۈم باشلىقى جاڭ شياۋدەن (خۇبېيلىك)، جاۋ دېشۇ (شىنجاڭلىق) لار بىلەنلا سەل يېقىن ئۆتىدۇ. بۇ ئىككىيلەنلا زىيالى بولۇپ، ئۇلاردىن جاۋ دېشۇ رۇسچە تىل - يېزىقنى پىششىق بىلگەننىڭ سىرتىدا، ئىنگلىزچىنىمۇ پۇختا بىلەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۆزى زىيالى بولغان ساقچى مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى يەن ياۋتىڭ شۇنىڭدەك، بۇرھان شەھىدىلەر بىلەن كۆپرەك ئالاقە قىلاتتى. فەن ياۋنەن بىلەن مۇشۇ بىر قانچە كىشىدە

كىتاب ناھايىتى جىق ئىدى، ئۇلار ناھايىتى بىلىملىك شەخسلەر ئىدى. خۇددى ئىلىدا تۇغۇلغان، مىللىي ھۆكۈمەتتە ئۈچ قېتىم قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئەزاسى بولغان گۇاڭلۇ ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىدەك، ئۇلارنىڭ «يېڭى، كونا بىلىمى ناھايىتى مول ئىدى»[24]. جۇڭگو ئىلمىي تەشكىلاتلار ھەمكارلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان غەربىي شىمال ئىلمىي كۆزىتىش ئۆمىكى مىڭگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) ئەتىـ يازدا شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، فەن ياۋەن ئۇلارنى بارلىق كۈچى بىلەن قوللايـ دۇ، ئۇلارغا تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ بېرىدۇ ھەمدە ئۆمەك باشلىقى شۈي شۈيشېڭ قاتارلىق كىشىلەرنى كۆپ قېتىم زىيارەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنىڭ تۈرلۈك قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىدۇ. ئۇ قول ئاستىدا ئىشلەيدىغان ئاددىي خادىملار ۋە ھاجەت بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەنلەرگىمۇ ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كۈچـ نىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىدۇ. ئۇ تۇنجى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە، يول خىراجىتى تۈگەپ قېلىپ رۇسىيىلىك سودىگەر ئىسھاقنىڭ ياردىمىنى ئالىدۇ. ئۇ ئىككىنچى قېتىم شىنجاڭغا كەلگەندە، رۇسىيىدە ئىنقىلاب بولۇپ ئىسھاقنىڭ مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ كەتكەنلىكتىن، ئىسھاق نائىلاج ئۈرۈمچىدە تۇرۇپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان فەن ياۋەن ئىسھاقنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقىنى ئەسلەپ، «شاپتۇل سوۋغا قىلغانغا نەشپۈت سوۋغا قىل» دېگەندەك ئۇنى نۇرغۇن قېتىم زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشتا قانداق قىيىنچىلىقى بارلىقىنى سورايدۇ. گۇاڭلۇ ئەپەندى، ئۇ «كىشىـ لەرگە مۇئامىلە قىلغاندا، كىشىلەردىن بىر نەرسە ئالغاندا، مۇلايىم، كەمتەر ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كىملا كەلسە كۆرۈشۈۋېرەتتى، ئۇلارنى قىزغىن، سەممىي كۈتۈۋالاتتى، كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر رازى بولۇپ قايتىشاتتى. ئۇ مېھمانلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ، مېھمانلار كۆزدىن غايىپ بولغاندا ئاندىن ئىگىلىپ سالام بېرىپ ئۆيگە قايتىپ كىرەتتى. شىنجاڭلىقلار ئۇنى «فەن دانىشمەن»[25] دەپ ئاتايتتى» دەيدۇ. ئەينى زاماندا، شىنجاڭدىكى داڭلىق ئەمەلدارلاردا: سۆلەتۋازلىق، تەكەببۇرلۇق، روھسىزلىق، نازاكەتلىك دېگەندەك ئادەتنىڭ بارلىقى توغرىسىدىكى قىزىقارلىق خەۋەر تارقالغانىدى. سۆلەتـ ۋازلىق دېگەن گەپ شۇ چاغدىكى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلە مۈلكى كۆپ، پۇلى جىق ئىدى. تەكەببۇرلۇق دېگەن گەپ ئەينى ۋاقىتتىكى مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېنغا قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئەمەلدارلىق كىبىرى بەك كۈچلۈك ئىدى. روھسىزلىق دېگەن گەپ ئەينى ۋاقىتتىكى سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۈيشەڭگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇمۇ جىن شۇرېنغا ئوخشاش كەيىپ خۇمارى ئىدى، ئىشنى ئەپـ لەپ - سەپلەپ قولدىن ئۆتكۈزۈشنىڭلا كويىدا بولاتتى، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىشقا ھېرىس ئىدى، ساق يۈرۈپمۇ قاخشايتتى، غەيۋەت قىلىشقا ئامراق بولۇپ، كىشىگە ئاستىرتىن زىيانكەشلىك قىلاتتى. نازاكەتلىك دېگەن سۆز فەن ياۋەنگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇ ئاددىي كىيىنىپ يۈرەتتى، مۇلايىم كەمتەر ئىدى، كىشىلەرنى سەممىي ھۆرـ مەتلەيتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئەينى ۋاقىتتا يەنە «قەلەمدە فەن ياۋەن، ئەلەمدە ياڭ فېيشيا بار»[26] دېگەن پاراڭمۇ تارقالغانىدى. فەن ياۋەننىڭ قابىلىيىتى ۋە بىلىمى توغرىسىدا گۇاڭلۇ ئەپەندى، فەن ياۋەن ئالاقىلىشىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بولغان

دىن كېيىن، شىنجاڭ سوۋېت رۇسىيىسى ۋە ئافغانىستانغا ئوخشاش قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان دىپلوماتىيە ئىشلىرىدا «تەشەببۇسكارلىق ئورنىغا ئۆتتى، بىرەر قېتىممۇ يېڭىلىپ قالمىدى، بىرەر قېتىممۇ ھوقۇقنى قولدىن بېرىپ، دۆلەتكە ھاقارەت كەلتۈرىدىغان شەرتنامىنى ئىمزالىمىدى»㉗ دەيدۇ. بۇرھان شەھىدى: «ئەينى ۋاقىتتا، ياڭ زېڭشىننىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى ئارىسىدا مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن، مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى شۆي يىشەن، سودا - سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۈيشەن، مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ليۇ ۋېنلۇڭ ۋە ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى فەن ياۋنەنلەر بار ئىدى، بۇلارنىڭ ئىچىدە فەن ياۋنەننىڭلا قوشۇمچە خىزمىتى ھەممىدىن كۆپ ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ تۇۋرۇكى ئىدى»㉘ دەيدۇ. شۆي شۈيسېڭ: «زاۋشياڭ نازىرنىڭ پىكىر قىلىشى ئېنىق ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلى يېڭى بىلىملەرگە ئىگە، دۇرۇس ئادەم ئىدى، ئۇ شىنجاڭدىكى سىياسىي دائىرىلەر ئىچىدە داڭدار شەخس ئىدى»㉙ شۇڭا، شىنجاڭدىكى بىر قەدەر يېڭى ئادەملەر فەن ياۋنەن جانابىنى ھۆرمەتلەيتتى» ㉚ دەيدۇ. تۇرمۇش جەھەتتە، شۆي شۈيسېڭ مۇنداق دەيدۇ: «جانابى فەن ياۋنەن تولىمۇ دىيانەتلىك كىشى ئىدى. شىنجاڭدا ئەمەلدارلارنىڭ مائاشى بەك ئاز ئىدى. گەرچە ئۇ بىر مەزگىل ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى، ئالاقىلىشىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى، ئۈرۈمچى ۋالىيسىدىن ئىبارەت ئۈچ مۇھىم خىزمەتنى تەڭلا زىممىسىگە ئېلىپ ئىشلىگەن، ناھايىتى ئاددىي سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيدە تۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوخشاشلا بەك كەمبەغەل ئىدى... جانابى فەن ياۋنەن ئىقتىسادچىل، ئىرىشچان، كەيپ قىلىشتىن خالىي ئىدى، بۇ جەھەتتە جانابى ياڭ زېڭشىنغا سەل‌پەل ئوخشاپ كېتىدۇ، شىنجاڭدىكى باشقا ھەر قانداق كاتتا ئەرباب ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ.»㉛ ئۇ ناھايىتى نامرات تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر يەتكەنىدى. غەربىي شىمال ئىلمىي كۆزىتىش ئۆمىكىنىڭ دوختۇرى ئۇنىڭ بەدىنىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قىلىدىغان ئىشنى ئازايتىپ، ئوزۇقلىنىشنى كۈچەيتىشنى ئېيتىپ، شۇنداق قىلغاندىلا سالامەتلىكىنى ئاسراپ قالغىلى بولىدىغانلىقىنى㉜ چۈشەندۈرگەن.

فەن ياۋنەن ئائىلە تۇرمۇشىدا، پەرزەنتلىرىگە ناھايىتى تەلەپچانلىق بىلەن تەربىيە بېرەتتى. ئۇ بېيجىڭدىكى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىگەن چېغىدا، چوڭ ئوغلى شى سۇڭ پۇتبول ئويناۋېتىپ پۇتى قايرىلىپ كېتىدۇ. دوختۇر كۆرگەندىن كېيىن بىر قانچە كۈن دەم ئېلىشنى تاپىلايدۇ. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان فەن ياۋنەن ئوغلىنىڭ دەم ئېلىشىغا قوشۇلمايدۇ، ئاقساپ بولسىمۇ مەكتەپكە بارىسەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ. فەن ياۋنەن شىنجاڭغا كەلگەندىن كېيىن، بېيجىڭدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چوڭ نەۋرىسى مىڭشېننىڭ مۇھىم تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى شىنجاڭغا ئالدۇرۇپ، ئىشلىگەن تاپشۇرۇقلارنى ئۆزى كۆرۈپ چىقىپ، ئاندىن پوچتىدىن بېيجىڭغا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. شىنجاڭدا تۇغۇلغان كىچىك قىزى دىنېڭنىڭ ئانىسى ساۋ خانىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنى ئايال خىزمەتكارنىمۇ ئەدەب بىلەن «ئانا» دەپ ئاتاشقا ئۆگىتىپ، ئۇنىڭ «خېنىم»لىق مىجەزىنى يۇقتۇرۇۋېلىشىغا پەقەت يول قويمايدۇ.

شۇڭلاشقا، كىشىلەر «ئۇنىڭ باللىرى ۋە نەۋرىلىرى چوڭ دادىسى ھەم دادىسى ئالدىدا
ئۆگىنىش، مىجەز - خۇلىق جەھەتلىرىدە ھەرگىز بىپەرۋالىق قىلىشقا يېتىنالمايدۇ»
دېيىشەتتى.

ياڭ زېڭشىنىڭ فەن ياۋنەنگە بولغان ئىشەنچ ۋە ئۇنى ئېتىبارلاپ ئىشلىتىشى،
ئۇنى باش ئەلچى دەرىجىسىدىكىلەرگە ئوخشاش خىزمەتكە قويۇشنى ھۆكۈمەتكە تەكلىپ
قىلىشى، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىكى سىياسىي دائىرىدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنىڭ فەن ياۋنەنگە
ياخشى باھا بېرىشىمۇ شىنجاڭدا ئىشلەۋاتقان بەزىبىر داڭلىق شەخسلەرنى خاتىرجەمسىز-
لىككە ۋە ھەسەتخورلۇققا ئېلىپ بارىدۇ. بولۇپمۇ، ياڭ زېڭشىنىڭ يۆلىشى بىلەن شىن-
جاڭنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ساھەلىرىدە ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان گەنسۇلۇق ئەربابلار
چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا خۇنەن، خۇبېيلىك شەخسلەرنىڭ شىنجاڭدا
ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن تارىخىنىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن شەنشى، گەنسۇلۇق ئەربابلارنىڭ
بېقىندىلىق ئورنىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايتتى ھەم شۇنداق بولۇپ قېلىشتىن
قورقاتتى، ئەينى ۋاقىتتىكى مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى لىيۇ ۋېنلۇڭ خۇنەنلىك بولۇپ،
چىڭ سۇلالىسىنى تىكلەش دەۋرىدە ۋالىي بولغان، ئۆزى سىلىق مۇئامىلىلىك، چېچەن
بولۇپ، ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئېتىبار بىلەن ئىشلىتىلىپ كەلگەن، شۇنداقلا ئۇ ياڭ
زېڭشىن بىلەن قول بېرىشكەن ئاكا - ئۇكىلار[33]دىن ئىدى. شۇڭا، گەنسۇلۇق ئەربابلار
ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر نەرسە دېيەلمەيتتى. ئەمدىلىكتە خۇبېيلىك فەن ياۋنەن شىنجاڭ-
دىكى مۇھىم ئەربابلار قاتارىغا قىسىلىپ كىرگەنىدى. ياڭ زېڭشىن بىلەن فەن ياۋنەن
ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق تارىخىي باغلىنىش يوق ئىدى. لېكىن، فەن ياۋنەننىڭ ئىقتى-
دارى يەنىلا گەنسۇلۇق مۇھىم ئەربابلارنى ۋەھىمىگە سالاتتى، بولۇپمۇ گەنسۇلۇق
سودا - سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرى يەن يۈيشەن ۋەھىمىسىرەيتتى، چۈنكى ئۇ ئەزەل-
دىن تارتىپ قەلەم ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئارخىپ ماتېرى-
ياللىرىدىن پايدىلىنىپ چېگرا رايونىنىڭ سودا - سانائىتى ھەققىدە بىر نەچچە پارچە
ماقالا يازغان، شۇنىڭ بىلەن، لەنشى ناھىيىسىگە ھاكىم ۋە بايەن ئوبلاستىغا باشلىق
بولغان. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن، خىزمەتداشلار ئارىسىدىكى ئۆزئارا ھۇجۇم ۋە
قوراللىق توقۇنۇش ئىچىدە كېسەل بولۇپ، خىزمەتتىن ئىستېپا بېرىپ بېيجىڭغا قايتىپ
كەلگەن، كېيىنچە بېيجىڭ ھۆكۈمىتىدە مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلىگەن. مىنگونىڭ 5 -
يىلى (1916 - يىلى) بېيجىڭ ھۆكۈمىتى فەن ياۋنەننى ئاقسۇغا ۋالىي قىلىپ ئەۋەتىشتىن
بۇرۇن، بىر مەھەل يەن يۈيشەننى ئاقسۇ ۋالىيسى قىلىپ ئەۋەتىش تەييارلىقىدا بولغان،
لېكىن، ئۇ بېرىشتىن باش تارتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىدا فەن ياۋنەننى تەيىنلە-
گەن، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بېيجىڭ ھۆكۈمىتى يەن يۈيشەننى سودا - سانائەت
نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەپ شىنجاڭغا ئەۋەتكەن. ئۇ شىنجاڭغا فەن ياۋنەندىن
سەل كېيىن كەلگەن. يەن يۈيشەن ئەزەلدىن تارتىپلا قەلەمكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ،
شېئىر يېزىش ۋە شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئۆزىنىڭ قابىلىيى-
تىگە ھەددىن تەمەننا قوياتتى. شىنجاڭدىكى ئەمەلدارلار جامائىتى ئارىسىدا «زىيالىلار-
نىڭ سەركىسى فەن ياۋنەن» دېيىلگەن باھا ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتىپ، ئۇنى فەن
ياۋنەن بىلەن ئۆچەكەشتۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. بولۇپمۇ يەن يۈيشەن مىنگونىڭ

11 - يىلى (1922 - يىلى) 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئۈشتۈمتۇت سودا - سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىدىن قالدۇرۇلدۇ، ئەمما يېڭى ۋەزىپىگە قويۇلمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن سەككىز ئايدەك بىكار تۇردى، ئىككىنچى يىلى 5 - ئاينىڭ 16 - كۈنىگە كەلگەندە، يېڭى تەيىنلەنگەن سودا - سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرى خۇزېجىن بۇ خىزمەتكە كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، يەن يۈيشەن قايتا سودا-سانائەت نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا قويۇلىدۇ[34]. شۇڭا، يەن يۈيشەن ئۆزىنىڭ بۇ قېتىم ئېگىز- پەس بولۇشىنى فەن ياۋنەندىن كۆردى، بولۇپمۇ بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا، ئاقسۇنىڭ ۋالىيلىقىنى فەن ياۋنەننىڭ ئۆزىدىن تارتىۋالغانلىقىدىن قاتتىق گۇمانلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇ فەن ياۋنەنگە زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ كويىدىلا يۈرىدۇ. ئۇ مىنگونىڭ 4 — 6 - يىللىرى كۈچا، لوپ ناھىيىلىرىنىڭ ئامبىلى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئوردىن بىلەن مۇكاپاتلىغان. ئىلگىرى ياڭ زېڭشىننىڭ كاتىپى بولۇپ ئىشلىگەن گۇي فېن كېيىنكى كۈنلەردە مۇنداق دېگەن: «بىر كۈنى ياڭ زېڭشىن فەن ياۋنەننىڭ ئاسىيلىق قىلىشنى پىلانلاۋاتقانلىقى مەلۇم قىلىنغان بىر پارچە مەخپىي خەت تاپشۇرۇۋالدۇ. ئۇ شۇئان فەن ياۋنەننى چاقىرىپ كېلىپ، بۇنى ئۇنىڭغا توغرىدىن توغرا ئېيتىدۇ، فەن ياۋنەن مەخپىي خەتنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلىنىدۇ ۋە بۇنى بوھتان دەپ چىڭ تۇرۇۋالدۇ. بۇ چاغدا ياڭ زېڭشىن مەخپىي خەتنى ئېلىپ ئوچاقتا تاشلاپ كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭدىن گۇمانلانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.»[35] نامسىز يېزىلغان بۇ مەخپىي خەتنى كىم يازغان؟ يەن يۈيشەنگە قاتتىق گۇمان چۈشىدۇ. يەن يۈيشەن فەن ياۋنەنگە: «ئېھتىياتچان ھەم پەخەس يۈرسەن، كۆرمىدىم سەندىن خۇگۇاڭچە سەۋەنلىك. ئەدەب بىلەن تۆۋەنكىلەرگە ھۆرمەت قىلسەن، چۈنكى سەن ۋاڭ ماڭدەك پەزىلەتلىك.» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەرگەن. ئەمەلىيەتتە، بۇ يەن ھەزرەتنىڭ ياڭ زېڭشىن بىلەن فەن ياۋنەننىڭ مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلماقچى بولغانلىقىنىڭ بىشارىتى، شۇنداقلا بۇ تۆھمەتخورلۇق، ھەق - ناھەقنى ئاستىن - ئۈستىن قىلىۋېتىش. لېكىن، يېزىقتىن قارىغاندا، ئۇ شىنجاڭدىكى كۆپچىلىك ئەمەلدار ۋە پۇقرالارنىڭ فەن ياۋنەنگە ئوقۇغان مەدىيىلىرى بىلەن بىردەك. بېغىشلىمىنىڭ بىرىنچى مىسراسىدىكى «ئېھتىياتچان ھەم پەخەس يۈرسەن» دېگەن سۆزگە كەلسەك، فەن ياۋنەننىڭ پەقەت سەۋەنلىك ۋە خاتالىق ئۆتكۈزمىگەنلىكى ئېيتىلىپ، ئۇ كونكرېت ھالدا خەن سۇلالىسى زامانىدىكى خۇگۇاڭغا ئوخشىتىلغان. خۇگۇاڭ خان سارىيىدىكى ئىشىكتىن 20 نەچچە يىل كىرىپ - چىقىپمۇ پەقەت سەۋەنلىك ئۆتكۈزمىگەن. لېكىن گەپنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، خۇگۇاڭ ئاۋۋال جاۋدى (پادىشاھ جاۋ) دىن ھوقۇق تارتىۋالغان، كېيىن يەنە چاڭباۋاڭنى ئەمەلدىن قالدۇرغان ھەم تۇرغۇزغان دېگەن رىۋايەت بار. بېغىشلىمىنىڭ ئىككىنچى مىسراسىدىكى «ئەدەب بىلەن تۆۋەنكىلەرگە ھۆرمەت قىلسەن» دېگەن سۆزگە كەلسەك، فەن ياۋنەن پەقەت ئۆزىگە تەمەننا قويۇپ، باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان قىلىقتىن خالىي بولغان، ئۇ كونكرېت «مەرتىۋەڭ ئۆسكەنسېرى، شۇنچە كەمتەر بول» دېگەندەك خەن سۇلالىسى زامانىدىكى ۋاڭ ماڭغا تەقلىت قىلىنغان. لېكىن، گەپنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا، ۋاڭ ماڭ پىڭدى پادىشاھنى ئۆلتۈرۈپ، نارەسىدە بالىنى ئورنىغا ئولتۇرغۇزغان، كېيىن ئۇنى يالغان پادىشاھ دەپ ئاتىغان، ئاخىر بېرىپ

شاھلىق ئورنىنى تارتىۋالغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. قىسقىسى، بۇ بېغىشلىما ئىنتايىن زەھەرلىك ئوق. ئۇنىڭ چىن مۇددىئاسى ياڭ زېڭشىنغا: فەن ياۋنەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە چوقۇم ئورنىڭىزنى تارتىۋېلىشنى قەستلەيدۇ، ئۇنى بالدۇرراق كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، دېيىشتىن ئىبارەت. بۇ، فەن ياۋنەننى چېقىشتۇرۇپ يازغان ئىمزاسىز خەتكە نەقەدەر ئوخشايدۇ – ھە؟! فەن ياۋنەن يەن يۈيشەننىڭ ئۆزىگە يامان نىيەتتە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۆز نىيىتىنىڭ تۈزلىكىدىن ھەم يامان غەرىزىنىڭ يوقلۇقىدىن، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇمغا ئۇچرىغاندىمۇ چۆچۈپ كەتمەيدىغان، سەۋەبسىزلا ئاچچىقلانمايدىغان پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان. بۇنداق پوزىتسىيە، كېيىن جانغا زامىن بولىدىغان ئاپەتنى باشلاپ كەلگەن.

### 5. ياڭ زېڭشىن بىلەن فەن ياۋنەن ئوتتۇرىسىدا

ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ بېشىدا شىنجاڭغا باشلىق بولغان، شىنجاڭنىڭ بۇ چاغدىكى ۋەزىيىتى خۇددى ياڭ زېڭشىن خىزمەت تاپشۇرۇۋالغان چاغدا ئېيتقاندەك: «سىرتتا كۈچلۈك قوشنىلار يىرتقۇچلاردەك خىرس قىلماقتا، ئىچكى تەرەپتە تاشقى موڭغۇلىيىگە ئوخشاش ئاچ كۆزلەر بار... ھايات – ماماتلىقنىڭ مۇشۇنداق خەتەرلىك پەيتى دەل جەڭگەرلىك ئەزىمەتنىڭ مەيدانغا چىقىپ ئىشلەيدىغان چېغى.» ياڭ زېڭشىن بۇ مۇھىم ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىشتا ئۆزى قۇراشتۇرغان بەش يىڭلىق خۇيزۇ قوشۇنىغا تايىنىدۇ؛ كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلىشىۋاتقان، مەمۇرىي ئىشلار كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان كېيىنكى كۈنلەردە بولسا، ئىقتىدارلىق، بىلىملىك شەخسلەرنى توپلاپ ئۆزىگە ياردەمچى قىلىدۇ. ئۇنىڭ فەن ياۋنەننى ئۆزىگە ھەقىقىي ياردەمچى بولىدۇ دېگەن تونۇشقا كېلىشىمۇ خېلى ئۇزۇن جەرياندىن كېيىن بولىدۇ. ياڭ زېڭشىن ئەمەلدارلار سورۇنىدىكى پېشۋا مەنسەپدار ئىدى. قابىل ئادەملەرنى تېپىشنىڭ تەسلىكىنى، ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللاشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشەنگەن ياڭ زېڭشىن دائىم مۇنداق دەپ كەلگەن ھەم خاتىرە دەپتىرىگە شۇنداق دەپ يازغان: «نائىب ۋە ۋالىي ئىختىساس ئىگىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ تاللىمىسا، قانداقمۇ قول ئاستىغا قابىل مەنسەپدارلارنى توپلىيالىسۇن؟ جەمئىيەتتە مەرتىۋىسى يۇقىرى، مەئىشتى كاتتا كىشىلەر ماڭا باشقىلارنىڭلا ھاجىتى چۈشىدۇ، باشقىلارغا مېنىڭ ھاجىتىم چۈشمەيدۇ، دەپ ئويلىسا، ئادەتتە ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلماي، جىددىي ئېھتىياج چۈشكەندە ئۇلارنى ئىزدىسە، ھاجىتى چۈشكەندە يېنىغا تارتىپ، ھاجىتى پۈتكەندە تېپىۋەتسە، ئۇلار قانداقمۇ يېقىن كېلىدۇ ۋە ئىشلەپ بېرىشنى خالايدۇ؟!» ياڭ زېڭشىن ئىختىساس ئىگىلىرىگە شۇ قەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، گەرچە بەزىلەر فەن ياۋنەن ئۈستىدىن ھەر قانچە پىتنە – پاسات تارقاتقان بولسىمۇ، ئەمما ياڭ زېڭشىننىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچى ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى. فەن ياۋنەن شىنجاڭنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىش ئىشىغا مەسئۇل بولۇپ، خىزمەتتە زور نەتىجە قازانغان چاغدا، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئالاھىدە باش ئەلچى دەرىجىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈش ھەققىدە يۇقىرىغا مەلۇم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن، فەن ياۋنەن بىرلا ئىرغىپ شىنجاڭدىكى كاتتا ئەربابلارنىڭ ئالدىغا

ئۆتۈپ، ياڭ زېڭشىن بىلەن تەڭلەشكەن. فەن ياۋنەننى بۇنداق ئالاھىدە شۆھرەتكە ئىگە قىلغان ھەرىكەت ياڭ زېڭشىننى فەن ياۋنەن ئۈستىدىكى تۆھمەت ۋە گۇمانلارنى بېسىپ تاشلايدىغان يۈكسەك ئەقىل ـ پاراسەتكە سازاۋەر قىلغان. فەن ياۋنەن بىلەن بىللە شىنجاڭغا كەلگەن لەن جاۋخۇا شۈەنتۇڭ خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى ئىلىدا ئىنقىلابقا قاتناشقان، كېيىن تاشقى ئىشلار مەھكىمىسىدە كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئۈستىدىن مىنگونىڭ 9 ـ يىلى (1920 ـ يىلى) گۇچۇڭدىكى ھەربىي ئۆزگىرىشتىكى يىلڭ جاڭ سۇڭ جىنسەن قاتارلىق كىشلەر بىلەر باغلىنىشى بار، دەپ مەخپى دوكلات سۇنۇلغان ۋاقىتتا، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولىدۇ. فەن ياۋنەننىڭ ھەر قانداق ئۆلۈم خەۋپىدىنمۇ قورقماي پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللىشى ئارقىسىدا لەن جاۋخۇا ياڭ زېڭشىننىڭ كۆتۈلمىگەن كەڭچىلىكىگە ئېرىشىپ، شىنجاڭدىن ھەيدىۋېتىلىش بىلەنلا قۇتۇلۇپ كېتىدۇ. مانا بۇ ياڭ زېڭشىننىڭ فەن ياۋنەنگە قاراتقان سىياسىي جەھەتتە ئالاھىدە مۇئامىلە قىلىشتىكى مۇرەسسەچىلىك چارىسى ئىدى. فەن ياۋنەن نۇرغۇن قېتىم ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەتمەكچى بولۇپ خىزمىتىدىن ئىستېپا سورىغاندا، ياڭ زېڭشىن قوشۇلماي يېنىدا ئەپقالىدۇ، بۇمۇ ياڭ زېڭشىننىڭ سەممىيىتىدىن كەلگەن.

ياڭ زېڭشىننىڭ فەن ياۋنەنگە قارىتىلغان ئالاھىدە مۇئامىلىسى سىياسىي جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى تۇرمۇش جەھەتتىكى غەمخورلۇقىمۇ چەكسىز. مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) فەن ياۋنەن يەنىلا ئۇرۇمچى ۋالىسى بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا، فەن ياۋنەننىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ دادىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە بېيجىڭدىكى مىللىي داشۆدە قانۇن كەسپىدە ئوقۇۋاتقانلىقى، فەن ياۋنەننىڭ يۇرتى خۇبېيدىكى ئائىلىسىدە يەنە ئۆلۈغ ـ ئۇششاق كىشلەرنىڭ بارلىقى، ياپونىيىدىمۇ خەۋەر ئېلىشقا تېگىشلىك خوتۇن ـ بالىسى بارلىقى تۈپەيلى، تۇرمۇشىنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىدىن خەۋەر تاپقان ياڭ زېڭشىن دەرھال بۇرھات شەھىدىنى فەن ياۋنەننىڭ ئائىلىسىگە ئۇنىڭ سەر ئۆلكە پۇلى[36] ئەۋەتىپ بېرىشكە بۇيرۇيدۇ ھەمدە بۇرھان شەھىدىگە: «فەن دوتەي ئۆزى يالغۇز شىنجاڭدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئىچكىرىدىمۇ ئۇنىڭ بىر كىچىك ئائىلىسى بار... ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، ئۇنىڭغا بىر ئاز تۇرمۇش ياردەم پۇلى بېرەيلى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ خاتىرجەم ئىشلەيدىغان بولسۇن» دەيدۇ. ئۇنىڭغا يەنە بۇ ئىشنى سىرتقا يېيىۋەتمەسلىكنى تاپىلايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن يەنە فەن ياۋنەننىڭ يۇرتىدىكى ئائىلىسىگە نۇرغۇن قېتىم پۇل ئەۋەتىپ ياردەم بېرىدۇ. مىنگونىڭ 12 ـ يىلى (1923 ـ يىلى) فەن ياۋنەننىڭ ئانىسى خۇبېيدە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغاندا، ياڭ زېڭشىن مالىيىدىن مائاشتىن سىرت تۆت مىڭ يۈەن پۇل ئاجرىتىپ دەپنە خىراجىتى ئۈچۈن خۇبېيگە ئەۋەتىپ بېرىش ھەققىدە ھەمدە بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىغا فەن ياۋنەننىڭ خۇبېيدىكى ئائىلىسىگە بېرىپ تەزىيە بىلدۈرۈش ۋە ھال سوراش[38] ئۈچۈن كىشى ئەۋەتىش توغرىسىدا جىددىي تېلېگرامما يوللاشقا بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. فەن ياۋنەننىڭ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ياڭ زېڭشىن يەنە فەن ياۋنەننىڭ چوڭ ئوغلى ـ ئوقۇش ئۈچۈن فرانسىيىگە بارماقچى بولۇۋاتقان فەن شىسۇڭ (ماۋرۇ) نى شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنىدا خىزمەت قىلىشقا تەكلىپ قىلىدۇ. شۇنىڭدىن تارتىپ فەن

ياۋنەننىڭ ئائىلىسىدىكى باللىرىدىن ياپونىيە تەۋەلىكىدىكى خوتۇنى فوۋۇشىدو ھەم ئۇنىڭ بالىسى خۇسېڭ ياپونىيىدىن قايتىپ كەلمىگەندىن باشقا، قالغانلىرى ئائىلە بويىچە بېيجىڭغا كۆچۈپ بېرىپ شۇەنۇۋ دەرۋازىسى ئىچىدىكى پەرىزات كەپىسى ناملىق 8 - نومۇرلۇق قورۇدىكى كونىچە قەسىردە تۇرىدۇ[39].

شىنجاڭنىڭ بېيجىڭدىكى ئىش بېجىرىش ئورنى ياڭ زېڭشىننىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى باش مەسلىھەتچىلەر ئورگىنى ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا ئىش بېجىرىش ئورنىدا ئىلگىرى شىنجاڭدا سېلىق تەقسىملەش ئەمەلدارى بولۇپ ئىشلىگەن يېقىنقى زامان ئالىملىرىدىن ۋاڭ شۇەن، شىنجاڭدا قەشقەرنىڭ ۋالىسى، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئىشلىگەن ۋە ياڭ زېڭشىننىڭ قۇدىسى ۋاڭ شۈزېڭ دېگەنلەر ئىشلەيتتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياڭ زېڭشىننىڭ ئىشەنچلىك ئادەملىرى ۋە مەسلىھەتچىلىرى ئىدى. ياڭ زېڭشىننىڭ چوڭ قىزى ياڭ يىڭخىڭنىڭ ئېرى، مىنگونىڭ 11 - 12 - يىللىرى خوتەندە ئامبال بولۇپ ئىشلىگەن ۋاڭ نەيۋېيمۇ شىنجاڭدىن بېيجىڭغا كۆچۈپ كەلگەنىدى. ۋاڭ نەيۋېي ۋاڭ شۈزېڭنىڭ ئوغلى ئىدى. ياڭ يىڭخىڭ بېيجىڭغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن فەن ياۋنەننىڭ ئوغلى فەن شىسۇڭ بىلەن تونۇشۇپ، ناھايىتى يېقىن ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا فەن ياۋنەننىڭ ئىككىنچى ئوغلى فەن شىلىن بېيجىڭدىكى مىنگو داشۆسىدە ئوقۇۋاتاتتى. فەن ياۋنەن بېيجىڭدىكى ئائىلىسىنى خىراجەتتىن قاتتىق قىساتتى. فەن شىسۇڭ (ماۋرۇ) بۇ ھەقتە دادىسىغا دەرد تۆكۈشكە پېتىنالمايتتى. ئۇ خىزمەتتىدىن ئىستىپا بېرىشتىن باشقا ئامال تاپالمىدى. ئەمما بۇنداق قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. لېكىن، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، فەن ياۋنەننىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بېيجىڭدا ھۆكۈمەت ياكى شەخس ئىش ئۈچۈن قىلغان چىقىملىرىنىڭ ئېشىپ كەتكەن قىسمىغا پۈتۈنلەي ياڭ يىڭخىڭ جاۋاب قىلىدۇ. ئەسلىدە ياڭ يىڭخىڭ بېيجىڭدا فەن ياۋنەننىڭ پەرىزات كەپىسىدىكى ئۆيىگە دائىم بېرىپ - كېلىپ تۇراتتى. تۆۋەندىكىلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ياڭ يىڭخىڭ ئەھۋالنى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتىگە مەخپىي مەلۇم قىلىپ، ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئايمۇ - ئاي بېرىلگەن پۇلنى ئېلىپ تۇرغان. مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) ئەتىيازدا ياڭ يىڭخىڭ فەن شىسۇڭ ئاكا - ئۇكىلارنىڭ خانىملىرىنى كۆلىمى زور قەسىرگە ئېكسكۇرسىيىگە تەكلىپ قىلغان ھەم: «بىزنىڭ (فەن ياۋنەننى دېمەكچى) ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ قالسا، پەرىزات كەپىسىدىكى ئۆيلەر تارلىق قىلىشى مۇمكىن. بۇ ھويلىنىڭ باھاسى 14 مىڭ يۈەن ئىكەن، مەن ئۇنى سېتىۋېلىپ ئائىلەڭلەرگە سوۋغا قىلاي دەيمەن، شىنجاڭدىن ئاران 10 مىڭ يۈەن پۇل كەپتۇ، سىلەر تۆتمىڭ يۈەنچە پۇل غەملىيەلەرسىلەرمۇ؟» دەيدۇ. بۇ ئىككى خانىم ئۆزلىرىدە پۇل غەملىگىدەك مادار يوق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ياڭ يىڭخىڭ بۇنى ئاڭلاپ، ئۆزىنىڭ باشقىچە ئامال ئىزدەپ باقىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. فەن شىسۇڭ بۇ ئەھۋالنى دەرھال دادىسىغا مەلۇم قىلىدۇ. فەن ياۋنەن بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلماسلىق توغرىسىدا جاۋاب تېلېگراممىسى ئەۋەتىدۇ. بۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇش روشەنكى ياڭ زېڭشىننىڭ فەن ياۋنەن بىلەن شان - شەرەپتىمۇ، خورلۇقتىمۇ بىللە بولىدىغان، ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىشتىمۇ تەڭ تۇرىدىغان ئەمەلىي ھەرىكىتى ئىدى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ

پەن ياۋەنگە كۆپ قېتىم: «يۇرتقا قايتساق بىللە قايتىمىز» دېگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىدى.

## 6. پاجىئەلىك ئۆلۈم

ياڭ زېڭشىن شىنجاڭنىڭ ئىشلىرىغا 17 يىل رىياسەتچىلىك قىلدى. شىنجاڭنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ۋەزىيىتىدە، مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرى خۇيداڭ (چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرىدا چىڭ خاندانلىقىغا قارشى تۇرۇپ، مىڭ خاندانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىپتىدائىي شەكىلدىكى بەزى خەلق مەخپىي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى) لارنىڭ ئەمەلدارلارنى ئۆلتۈرۈشى داۋام قىلىۋاتقان، سوۋېت رۇسىيىسىنىڭ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە شىنجاڭ ـ موڭغۇلىيە چېگرىسى جىددىيلىشىپ كەتكەن، ئورۇشتا مەغلۇپ بولغان چاررۇسىيە ئەسكەرلىرى شىنجاڭ تەۋەسىگە قېچىپ كىرىۋالغان ئەھۋاللاردىن باشقا، ئومۇمەن ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى ئىدى، خەلق خاتىرجەم ۋە خۇشال ـ خۇرام ياشاۋاتاتتى. ئەمما، ئىچكى ئۆلكىلەرنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن شىنجاڭغا نەزەر سالغاندا، مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى) دىن باشلاپ خەتەرلىك ئەھۋاللار پەيدا بولۇشقا باشلىغان، ئەتراپنى بوھران قاپلىغانىدى. ئەينى زاماندا، جاھانگىر دۆلەتلەر جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلماقچى بولۇۋاتاتتى، جۇڭگودىكى ھەرقايسى گورۇھقا مەنسۇپ مىلىتارىستلارنىڭ تەسىر كۈچىنى كېڭەيتىشكە ۋە زېمىن تالىشىشىغا تۈرتكە بولغۇچى ئىچكى ئۇرۇش بارغانسېرى كەسكىنلىشىپ ۋە مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتاتتى. شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مىلىتارىستلار بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق ئىدى. شۇڭلاشقا، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى مىلىتارىستلارنىڭ بېسىمى ئاستىدا ياڭ زېڭشىن مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى) شىنجاڭنىڭ نازارەتچىلىك خىزمىتىدىن ئىستىپا بېرىش ھەققىدە مەركەزگە ئىلتىماس سۇنۇشقا مەجبۇر بولىدۇ؛ مىنگونىڭ 10 ـ يىلى (1921 ـ يىلى) دىن مىنگونىڭ 11 ـ يىلى (1922 ـ يىلى) غىچە بولغان ئارىلىقتا مافۇشياڭ ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىدا شىنجاڭغا باش نازارەتچى بولغۇدەك، دەيدىغان غۇلغۇلا پەيدا بولىدۇ؛ 1923 ـ يىلدىن 1924 ـ يىلغىچە شىنجاڭدا غەربىي شىمال چېگرا مۇداپىئە ئىشلىرىنىڭ باشلىقى فېڭ يۈشياڭنىڭ شىنجاڭغا ئارىلىشىشىغا، شىنجاڭنىڭ ھوقۇق دائىرىسىگە قول تىقىشىغا قارشى ئاشكارا كۈرەش بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا قەشقەرنىڭ سابىق تىيدۇسى (رەھبەر ۋە نازارەتچى) ما فۇشياڭ مەلۇم سەۋەب بىلەن ياڭ زېڭشىنىڭ تەرىپىدىن ئېتىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ كىچىك خوتۇنى ما رۇيجېن ساۋ كۇن، ۋۇ پېيفۇ، شۇنىڭدەك فېڭ يۈشياڭغا ئوخشاش كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە تايىنىپ ئىچكى ئۆلكىلەردە قاتراپ يۈرۈپ ئېرى ئۈچۈن «ئىنتىقام ئېلىش» ھەققىدە ئومۇمىي تېلېگرام يوللاپ، ھۆكۈمەتكە ياڭ زېڭشىننى جازالاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىدۇ؛ رەھىنىڭ سابىق دۇتۇڭى بولغان ۋاڭ خۇيچىڭمۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ شىنجاڭنىڭ باشلىقى بولۇشقا تازا كۈچەيدۇ؛ مۇشۇ ئەھۋاللار يىغىلىپ كېيىنچە ئىچكى ئۆلكىلەردە ياڭ زېڭشىننى تەختتىن چۈشۈرۈش يولىدىكى مەخپىي دولقۇنغا ئايلىنىدۇ ھەم كۈندىن ـ كۈنگە ئۇلغىيىپ شىنجاڭغىچە كېڭىيىدۇ. 1928 ـ يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە بۇ مەخپىي دولقۇن بارغانسېرى ئاشكارىلىنىدۇ. شۇ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شاڭخەيدە چىقىدىغان «جۇڭگو ياڭ رىباۋ گېزىتى»

گە: فېڭ يـۈيشيـاڭ ما فۇشىڭنىڭ شىنجاڭغا ھۇجۇم قىلىشىغا ياردەم بەرمەكچى، دەيدىغان تېلېگراممىسى بېسىلىدۇ. 3 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «جۇڭگىياڭ رىبـاۋ گېزىتـى» فېڭ يۈيشياڭنىڭ خېنەندە تۇرۇپ شىنجاڭغا دىققەت قىلىۋاتقانلىقى؛ خۇيزۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ما تىڭشياڭ، ما چاۋچۈن، دىڭ شىچىڭلارنىڭ كەينى - كەينىدىن خېنەن، نەنجىڭلارغا كېلىپ شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئىشلىرىنى رەتلەشنى مۇراجىئەت قىلغانلىقى، مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ كەيفېڭ سىياسىي شۆبىسىگە بۇنى پات يېقىندا بىر تەرەپ قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكى؛ ۋەكىللەرنىڭ فېڭ يۈيشياڭنىڭ ئىنقىلابىي تەدبىر قوللىنىپ شىنجاڭنى ئۆزگەرتىشنى داۋاملىق مۇراجىئەت قىلغانلىقى؛ فېڭ يۈيشياڭنىڭ ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن ئاۋۋال شىنجاڭغا ئادەم ئەۋەتىشنى بەلگىلىگەنلىكى ھەمدە شىمالغا يۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندا، 2 - جىتۇەنجۈن⑩ نىڭ شىنجاڭ، نىڭشالارنى ماكان تۇتۇپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ تېرىقچىلىق قىلىشنى بېكىتكەنلىكى؛ ئۈرۈمچىدە شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى فېڭ يۈيشياڭنىڭ ئادەملىرى دېگەن گۇمان بىلەن ئۈزۈن مۇددەت نەزەربەنت قىلىپ قويۇلغان جاۋ سېنچۈەن، شۈي زىڭزەنلەر قاچماقچى بولۇۋاتقاندا ياڭ زېڭشىن تەرىپىدىن ئېتىپ تاشلانغانلىقىدىن ⑪ خەۋەر بېرىدۇ. يۇقىرىدىكى خىلمۇ خىل ئەھۋاللاردىن قارىغاندا، ئەينى ۋاقىتتا ياڭ زېڭشىننى يېقىتىش يولىدىكى سۈيىقەستلىك پىلان جىددىي داۋام قىلغان. ياڭ زېڭشىننىڭ ئۆزى ۋە شىنجاڭنىڭ سىياسىي دائىرىسىدىكى مۇھىم ئەربابلار بۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلىپ تۇرغان، ئەلۋەتتە. مىنگونىڭ 16 - يىلى (1927 - يىلى) كۈزدە ياڭ زېڭشىن ئەمدى شىنجاڭدا ئىشلىگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ئوڭۇشلۇق ۋاقىتتا خىزمەتتىن چېكىنىش قارارىغا كېلىپ، باش نازارەتچىلىك مەھكىمىسىنىڭ كاتىپى شى يۈننى ئۆزىنىڭ شىنجاڭدىكى ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىنى جۈملىدىن ئىككىنچى خوتۇنى چېن خانىم بىلەن چوڭ ئوغلى يىڭچيەن ۋە ئۇنىڭ خوتۇن - بالىلىرىنى سىبىرىيە ئارقىلىق دالىيەنگە ئاپىرىپ قويۇشقا تەيىنلەيدۇ ھەم فەن ياۋنەنگە بېيجىڭدىكى ئوغۇل ۋە كېلىنلىرىنىڭمۇ ئۇنىڭ بېيجىڭغا قايتىپ بېرىشى ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشى لازىملىقىنى بىلدۈرىدۇ. فەن ياۋنەن بولسا، ياپونىيىدىكى خوتۇنى فۇۋۇشىدو بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇنىڭغا ئوغلى خۇسېڭنى ئېلىپ بېيجىڭغا قايتىپ كېلىپ بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈشنى جېكىلەيدۇ.

مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) 6 - ئاينىڭ 15 - كۈنى شىمالغا يۈرۈش قىلىش ئىشى ۋۇجۇڭتا چىقىدۇ، بىرلىك ئەمەلگە ئاشىدۇ. ياڭ زېڭشىن 6 - ئاينىڭ 11 - 16 - كۈنلىرى كەينى - كەينىدىن نەنجىڭگە تېلېگرامما يوللاپ، مەركىزىي ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. 20 - كۈنى يېڭى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ياڭ زېڭشىن ئۆلكە رەئىسى ھەم باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئالىدۇ. فەن ياۋنەننىڭ ئۆزىنى چەتكە ئېلىشىغا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ياڭ زېڭشىن ئۇنى ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ھەم تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ شىنجاڭدىكى مەخسۇس دىپلوماتىيە خادىمى قاتارلىق خىزمەتلەرگىلا قويىدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتا ھەربىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىنى يەنىلا قوشۇمچە ئۆتەپ تۇرغان بولسىمۇ، ياڭ زېڭشىن ئۇنى 7 - ئاينىڭ بىرىدىن باشلاپ بۇ خىزمەتتىن قالدۇرۇش توغرىسىدا يۇقىرىغا دوكلات سۇنۇپ بولغانىدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى شىنجاڭدا

بەشرەڭلىك بايراق چۈشۈرۈلۈپ، كۆك ئاسمان ئاق كۈن بايرىقى چىقىرىلىدۇ.

شىنجاڭدا بايراق ئالماشتۇرۇلۇپ 6 - كۈنى — مىنگونىڭ 17 - يىلى (1928 - يىلى) 7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى شىنجاڭدا ئۈشتۈمتۇت پۈتۈن مەملىكەتنى چۆچۈتىدىغان، شىنجاڭنىڭ ئۇزاق داۋام قىلغان خاتىرجەملىك ۋەزىيىتىنى بۇزىدىغان «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» يۈز بېرىپ، ياڭ زېڭشىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ، فەن ياۋنەنمۇ شۇ كۈنى كەچتە ياڭ زېڭشىننىڭ ئورنىغا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى بولىۋالغان جىن شۇرېن باشلىق شەخسلەر تەرىپىدىن ياڭ زېڭشىننىڭ قاتىلى، ئۆكتىچىلەرنىڭ باش-لىقى دەپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇرۇن فېڭ يۈيشياڭنىڭ سەنمۇجاڭى بولغان شيۇڭ بىننىڭ بىر نەۋرە تۇغقىنى جاڭ چۈنشى — شۇ چاغدا شىنجاڭ رۇس تىلى سىياسىي - قانۇن مەكتىپىنىڭ ئىلمىي بۆلۈم باشلىقى بولۇپ تۇرغان — جىن شۇرېن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرگەن. ۋەقەدىن كېيىن جىن شۇرېن دوستىنىغا خائىنلىق قىلىپ، بالايىئاپەتنى فەن ياۋنەن بىلەن جاڭ چۈنشىغا يۈكلەپ ھوقۇق تارتىۋالغان. ئىچكى سىرنىڭ قانداقلىقى توغرىسىدا قىسمەن تارىخچىلار يالغۇز جىن شۇرېننىڭلا گەپ - سۆزلىرىگە قاراپ، ئالدىراپ - تېنەپ ھۆكۈم چىقارغان، ئەمما بۇ ھۆكۈم كىشىنى قايىل قىلالمايدۇ، شۇڭا بۇ ھازىرغىچە نامەلۇم سىر بولۇپ كەلمەكتە.

«7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» نىڭ كونكرېت ئەھۋالى توغرىسىدا، ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە تۇرغان غەربىي شىمال ئىلمىي تەكشۈرۈش ئۆمىكىنىڭ باشلىقى شۈي شۈيشېڭنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسى ئەڭ ئوبيېكتىپ يازما ئاساس بولۇشى مۇمكىن. ئۇ خاتىرىسىگە مۇنداق دەپ يازغان: «7 - ئاينىڭ 7 - كۈنى رۇس تىلى سىياسىي - قانۇن مەكتىپى — بۇ شىنجاڭدىكى بىردىنبىر ئالىي بىلىم يۇرتى — نىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇناسىۋىتى بىلەن شىنجاڭنىڭ سىياسىي دائىرىدىكى مۇھىم ئەربابلىرى رۇسىيىنىڭ كونسۇلخانىسىدىكى جانابلار بىلەن بىرلىكتە تەنتەنىلىك يىغىنغا قاتناشتى. نۇتۇق سۆزلەش ۋە سۈرەتكە چۈشۈشلەردىن كېيىن، چۈشلۈك زىياپەت باشلاندى. شۇ كۈنى مېھمانلار ئۈچۈن ئۈچ شىرە ھازىرلانغان. ياڭ جياڭجۈن ۋەكىل چيەن (چيەن تۇڭ)، لۇيجاڭ دۇ (فادۇڭ)، نازىر يەن (يۈيشەن)، ئۈرۈمچى ۋالىسى لى (رۇڭ) لار بىلەن بىرلىكتە ئوتتۇ-رىدىكى شىرەگە، فەن ياۋنەن قاتارلىق كىشىلەر غەرب تەرەپتىكى شىرەگە بۆلۈنۈپ ئولتۇردى... گېنېرال ياڭ زېڭشىن شۇ كۈنى يەنە ھەربىي كۇرسقا بارماقچى بولۇپ، زىياپەتتە بىردەملا ئولتۇرۇپ، ئاندىن شۇ يەرگە بېرىش ئويىدا بولغان. لېكىن، شىرەگە سەي - پەي ئەمدىلا تارتىلىشىغا ئۈستىگە كۆك رەختتىن تىكىلگەن يەكتەك كىيگەن بىر ئادەم سورۇنغا كىرىپ كەلدى - دە، تاپانچىسىنى چىقىرىپ گېنېرال ياڭ زېڭشىنغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. بەدىنىگە يەتتە پاي ئوق تەككەن ياڭ زېڭشىن شۇئان جان بەردى. دۇ لۇيجاڭمۇ ئۆلدى، نازىر يەن يۈيشەن يارىدار بولدى. بۇ چاغدا گېنېرال ياڭ زېڭ-شىننىڭ مۇھاپىزەتچىلىرى باشلىقى ۋە مۇھاپىزەتچىلىرى باشقا ئۆيدە زىياپەتكە ئولتۇرۇش-قانىدى. ئۇلار تۇنجى ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئۇنى ئوقۇش پۈتتۈرگەنلەرنى تەبرىكلەپ ئېتىلغان پوجاڭزا ئاۋازى ئوخشايدۇ دەپ، خىرامان ئولتۇرۇشقان، كېيىن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى ئۇقۇپ، مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى مېھمانلار ئولتۇرغان ئۆيگە ئېتىلىپ كىرسە گېنېرال ياڭ زېڭشىن يارىدار بولغان، شۇنىڭ بىلەن، يارىدارنى يۆدۈپ

سىرتقا ئېلىپ چىقماقچى بولۇپ ئەمدىلا مېڭىشىغا ئوق تېگىپ ئۆمۈ ئۆلدۇ، قالغان مۇھاپىزەتچىلەردىنمۇ ئىككى - ئۈچ ئادەم ئوق تېگىپ ئۆلگەن ... فەن ياۋەن پاجىئە يۈز بەرگەن ئورۇندىن قېچىپ چىقىپ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، مۇھاپىزەتچىلەر دۈيىنى باشلاپ گېنرال مەھكىمىسىگە بېرىپ، نازىرلار ۋە ۋالىلارغا مەجلىسكە كېلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش بەرگەن. بۇ چاغدا مەمۇرىي ئىشلار نازارىتىنىڭ نازىرى جىن شۇرېن شۇئان گېنېرال مەھكىمىسىگە مۇھاپىزەتچىلەرنى باشلاپ ھۇجۇم قىلغان، مەھكىمىدىكىلەر قارشىلىق كۆرسىتىپ ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا پۈتۈنلەي دېگۈدەك جىن شۇرېنلارنىڭ قولىغا چۈشكەن، كېچىدە فەن ياۋەن ئۆلتۈرۈلگەن[42]».

7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى جىن شۇرېن ۋاقىتلىق ئۆلكە رەئىسى ھەم باش قوماندان بولۇش سۈپىتى بىلەن نەنجىڭ ھۆكۈمىتىگە ۋە ئۈرۈمچى خەلقىگە ياڭ زېڭشىننى فەن ياۋەن ئۆلتۈرگەن دەپ ئۇقتۇرىدۇ، بۇنى ئاڭلىغانلار چۆچۈپ كېتىدۇ ھەم گۇمانلىنىپ ئېچىنىدۇ. خەۋەر بېيجىڭغا يېتىپ گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، فەن ياۋەننىڭ چوڭ ئوغلى فەن يۈنچىڭ[43] دەرھال گېزىتخانىلارغا خەت يېزىپ يۇقىرىدىكى خەۋەرگە تۈزىتىش بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ ھەمدە ئاتىسىنىڭ ياڭ زېڭشىن بىلەن بىللە ئىشلىگىلى ئازكەم 20 يىل بولغانلىقىنى، بۇ جەريانىدا قېرىنداشلاردەك يېقىن ئۆتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھەرگىز بۇنداق ئىشنى قىلمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئۇ يەنە مىنگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) جىن شۇرېننىڭ بىگۇنا ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈستىدىن نەنجىڭدىكى جياڭسۇ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىدۇ. «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» دىن كېيىن، مەركىزىي ھۆكۈمەت گەنسۇ ۋالىسى ليۇ يۈيفېنگە ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى تېز تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ، لېكىن، ليۇ يۈيفېن ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتى توغرىسىدا مۇجمەل گەپلەرنى قىلىدۇ، پەقەت جىن شۇرېن شىنجاڭنىڭ باشلىقى بولۇشقا لايىق ئەمەس دېگەنلا گەپنى قىلالايدۇ. شىمالغا يۈرۈش تېخى ئەمدىلا ئاياغلاشقان، نەنجىڭ ھۆكۈمىتى باشقا ئىشلار بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئىشنى بىر ياققا قايرىپ قويىدۇ. 1933 - يىلدىكى جىن شۇرېن ئەنزىسىمۇ، ئۇنىڭ غەربىي شىمالدىكى مۇھىم شەخسلەرگە كۆپلەپ پارا بەرگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئارىغا ئادەم تويۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ چاغ فېڭ يۈيشياڭ جياڭ جيېشىنىڭ ئۆزىگە قىلغان ئەسكىلىكىدىن رەنجىپ ئۇنىڭغا ئىتتىپاقداش بولۇشتىن يېنىۋالغان، جياڭ جيېشى بولسا سوۋېت رايونلىرىغا 5 - قېتىملىق قورشاپ يوقىتىش ھەرىكىتىنى كەڭ كۆلەمدە باشلىۋەتكەن چاغ بولغىنى ئۈچۈن، قولىنىڭ ئۈچىدىلا ئىش كۆرۈش بىلەن بولدى قىلىۋېتىلىدۇ.

ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرگەن زادى كىم، بۇنى پىلانلىغۇچى كىم؟ «7 - ئىيۇل سىياسىي ئۆزگىرىشى» يۈز بەرگەندە ئۈرۈمچىدە تۇرۇۋاتقان غەربىي شىمال ئىلمىي كۆزىتىش ئۆمىكىنىڭ شۋېتسىيە تەرەپ باشلىقى سۋېن ھېدىن: «مەن ئۈرۈمچىدە ھەممىدىن خەۋەردار بەزى خەنزۇلار بىلەن ئۇچرىشىپ بىلدىمكى، 1928 - يىلى گېنېرال ياڭ زېڭشىننى ئۆلتۈرگەن قاتىل دەپ قارىلانغان ئالاھىدە دىپلوماتىيە خادىمى فەن ياۋەن گۇناھسىز ئىكەن، ھەقىقىي جىنايەتچى جاڭ پېييۈەن قوللىغان جىن شۇرېن ئىكەن[44]» دەيدۇ.

فەن ياۋەن جىن شۇرېن تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندە 49 ياشتا ئىدى. فەن ياۋەنى

دىن يېڭى قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىغا بېرىلگەن نۇرغۇن كىتابلار ھەم ئۇنىڭ تەرىپىدىن نوتىغا ئېلىنىپ يۇرتىمدا قالغان بىر قىسىم ناخشا نوتىلىرى ۋە بىر توم «ياۋنەن قولىيازمىلىرى»دىن باشقا ھېچنېمە قالمىغان[15]. فەن ياۋنەننىڭ جەسىتىنى ئۇنىڭ ئايال خىزمەتكارى ئەينى ۋاقىتتىكى خۇنەن ـ خۇبېي يۇرتداشلار ئۇيۇشمىسىنىڭ كەينىدىكى بوش جايغا دەپنە قىلغان. فەن ياۋنەننىڭ نارەسىدە قىزى — دىسېڭ سىرتقا چىقىپ كېتىپ كوچىلاردا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن، كېيىن ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقى نامەلۇم. فەن ياۋنەننىڭ بېيجىڭدىكى ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنىڭ جەنۇبقا كۆچۈپ كېتىش خىراجىتىنى دۆەن چىرۋي يەتكۈزۈپ بەرگەن.

ئىزاھات:

(1) كېجۈي تۈزۈمى (سۈي، تاڭ سۇلالىلىرىدىن تارتىپ چىڭ سۇلالىسىغىچە يولغا قويۇلغان فېئوداللىق ئىمتىھان تۈزۈمى — ت) بۇ تۈزۈم بويىچە، ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ ناھىيىلىك مەكتەپكە كىرسە شيۇسەي دەپ ئاتىلاتتى.

(2) كېجۈي تۈزۈمى دەۋرىدە ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيىلەردە مەكتەپ ئېچىلاتتى. ۋىلايەتلىك مەكتەپتە 40 تالىپ ئوقۇيتتى، ئوبلاست، ناھىيىلەردىكى مەكتەپلەردە بولسا 30 ئوقۇغۇچى ئوقۇيتتى. ئۇلارغا ھەر ئايدا ساخاۋەت سېخىدىن تۆت سەردىن كۆمۈش بېرىلەتتى، ساخاۋەت سېخىدىن تەمىنلىنىدىغان تالىپلار تەمىناتلىق تالىپلار دەپ ئاتىلاتتى.

(3) رۇڭ پېي گۇاڭشۈي خاندانلىقى يىللىرى شىنجاڭدا تەپتىش، كېيىنچە ۋالىي بولغان، شۈەنتۇڭ خاندانلىقىنىڭ 3 ـ يىلى 3 ـ ئايدا سەنشىنىڭ خېدۇڭ ۋالىلىقىغا يۆتكەلگەن.

(4) گۇاڭلۇ (1899 — 1973)، يۇرتى شىنجاڭنىڭ ئىلى دىيارى، مىللىتى شىبە، 1925 ـ يىلى بېيجىڭ مەخسۇس سىياسىي ـ قانۇن مەكتىپىنى پۈتتۈرگەن، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتى تاشقى ئىشلار بۆلۈمىنىڭ ئەزاسى، رۇسچە كاتىپ، تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق باش كونسۇل، گومىنداڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك پارتىيە ئورگىنىنىڭ ئىجرائىيە ئەزاسى، جەمئىيەت ئىدارىسىدە باشقارما باشلىقى، كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھۆكۈمەت تەپتىش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، قانۇن تۈزۈش پالاتاسىنىڭ ئۈچ قېتىم ئەزاسى بولۇپ ئىشلىگەن، كېيىن تەيۋەن داشۆسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلىگەن، 1973 ـ يىلى كېسەل بىلەن 74 يېشىدا تەيۋەندە دۇنيادىن ئۆتكەن.

(5) خۇ ئېكۇڭ (1884 — 1951) خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ گۇڭئەن ناھىيىسىدىكى جەنۇبىي ۋۇجۇ دېگەن يېرىدىن، تەخەللۇسى شىنسەن، شىنخەي ئىنقىلابى ۋاقتىدىكى ئەرباب، بېيجىڭدىكى ۋاقتىدا بېيجىڭ ـ تيەنجىن تۇڭمىڭخۇي تەشكىلاتىغا قاتناشقان، ئىلگىرى ـ كېيىن شىمالىي ئىنقىلابىي ئارمىيىنىڭ باش قوماندانى، شىمالىي ئىنقىلابىي ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن. 1913 ـ يىلى پارلامېنت ئەزاسى بولۇپ سايلانغان، كومپارتىيىگە ئەزا بولغان، كېيىنكى چاغلاردا پارتىيىدىن ئايرىلغان. ئۇنىڭ «شىمالدا ئىنقىلاب خاتىرىلىرى»، «33 كۈن داۋام قىلغان ۋۇچاڭ تۇنجى قوزغىلىڭى» دېگەنگە ئوخشاش ئەسەرلىرى بار. ئۇ 1951 ـ يىلى تەيۋەندە كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

(6) خۇبېي گۇڭئەن ناھىيىسىدىكى بامبۇكزار شائىرلار جەمئىيىتى نەشر قىلغان «بامبۇكزار شائىرلار جەمئىيىتى شېئىرلار توپلىمى» غا قاراڭ.

(7) ليۇ چاڭبىڭ ياڭ زېڭشىننىڭ چوڭ ئوغلى ياڭ يىڭچىيەننىڭ قېيىن ئاتىسى.

(8) شىنجاڭدا تارقالغان خىلمۇ-خىل تارىخىي ماتېرىياللاردا ئېيتىلىشىچە، فەن ئەپەندى شىنجاڭغا كەلگەندە، ياڭ ئۇنىڭغا سوغۇق مۇئامىلە قىلغان، شۇ تەرىقىدە يېرىم يىلچە ۋاقىت ئۆتكەن، ئاندىن ئۇرۇمچى ۋالىيلىقىغا قويۇلغان. بۇ گەپلەر فەن خىزمەتكە تەيىنلىنىپ يېرىم يىل ئۆتكەندە ئاندىن ئۇرۇمچىنىڭ ۋاقىتلىق مۇۋەققەت ۋالىيسى بولغان ئەھۋاللارغا قاراپ خىيالىغا كەلگىنىچە پەرەز بىلەن ئېيتىلغان گەپلەردىنلا ئىبارەت خالاس. بۇ ئۆسەكنى تارقاتقۇچىلار فەننىڭ خىزمەتكە تەيىنلىنىپ يېرىم يىل ئۆتكەندە ئاندىن شىنجاڭغا يېتىپ كەلگەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئوخشايدۇ.

(9) ياڭ زېڭشىن گېلاۋخۇي پارتىيىسىنىڭ شىنجاڭغا كەلگەن ئەزالىرىنى ۋە بىر قىسىم ئىنقىلابىي پارتىيە ئەزالىرىنى ئالاھىدە ئۇنسۇرلار دەپ ئاتىغان.

(10) ليۇ شيەنجۈن ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ ئەزاسى، ئۇ 1911 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئۈرۈمچىدە بىر قېتىم قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. لى فۇخۇاڭ ئۇنىڭدىن كېيىن 1912 - يىلى 1 - ئاينىڭ 7 - كۈنى ئىلىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ غەلىبە قىلغان ھەم ئىلى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى تەشكىللىگەن.

(11) «كۇاڭلۇ ئەسلىمىلىرى» 108 - بەت، تەيۋەن 1964 - يىل ۋېنشىڭ نەشرى.

(12) بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭدا 50 يىل» 105 - بەت، «تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» 46 - توپلام 112 - بەت، «تارىخ ماتېرىياللىرى نەشرىياتى».

(13) «شۆي شۆيىڭنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» 3 - قىسىم ئىلاۋىسى 7 - بەت، مىنگونىڭ 19 - يىلى دابېي نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

(14) «ياڭ زېڭشىننىڭ ھەربىي شەخسلەرنىڭ ئىخۋالىرىدىن نەپرەتلىنىپ ئېيتقانلىرى» («شىنباۋ» گېزىتى، مىنگونىڭ 10 - يىلى، 5 - ئاينىڭ 22 - كۈنى)

(15) تۈركىستان، رۇسىيىگە تەۋە تۈركىستان دەپمۇ ئاتىلىدۇ. غەربىي تۈركىستان مەركىزىي ئاسىيا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئورنى تەخمىنەن سىبىرىيە ۋە ئىران ئېگىزلىكى، غەربتە كاسپىي دېڭىز بويلىرى بىلەن، شەرقتە شىنجاڭ بىلەن، جەنۇبتا ئىران، ئافغانىستان ھەم ھىندىستاننىڭ بىر بۆرجىكى بىلەن تۇتىشىدۇ.

(16) ئازورنىن كېيىنچە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياپونىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى بولغان.

(17) ئون بىرىنچى ئىنزاھاتقا قاراڭ.

(18) ۋېرنو —— ھازىرقى ئالمۇتا.

(19) كازانسكى دېگەن ئىسىم ئەينى ۋاقىتتا بېيجىڭ، شاڭخەيلەردىكى گېزىتلەردە «كازانسپى» ياكى «كازانسپىي» دەپمۇ ئېلىنغان.

(20) «شىنباۋ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 13 - يىلى 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنى نەشرىنىڭ 3 - بېتىگە قاراڭ.

(21) بۇ ۋەقە توغرىسىدا كېيىنكىلەر تەرىپىدىن خاتا ھالدا فەن ياۋنەن باشقىلارنىڭ زەھەرلەپ قويۇشىدىن قورقۇپ كۆشىسىز تاماق يېگەن، چاي - زىياپەتلەرگىمۇ بارمىغان، دېگەندەك سۆز - چۆچەكلەر تارقىتىلغان.

(22) بۇ شېئىرنى فەن ياۋنەننىڭ 5 - قېيىن سىڭلىسى، ھازىر يېشى 80 دىن ئاشقان لى كېچېن خانىم خاتىرىلەپ قويغان.

(23) شۇ چاغدا شىنجاڭدىكى نازىر، ۋالىلارنىڭ ئايلىق مۇئاشى 600 سەر كۈمۈش ئىدى. چەت - ياقا بىرىنچى دەرىجىلىك ناھىيىدىكىلەرنىڭ ئايلىق مائاشىمۇ شۇنىڭغا ئوخشايتتى.
(24) ئون بىرىنچى ئىزاھاتقا قاراڭ.
(25) ئون بىرىنچى ئىزاھاتقا قاراڭ.
(26) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - قىسىم 79 - بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىنىڭ 1986 - يىل نەشرى.
(27) ئون بىرىنچى ئىزاھاتقا قاراڭ.
(28) بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭدا 50 يىل» 104 -، 105 - بەتلەر. «تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» نىڭ 46 - قىسمى، بېيجىڭ تارىخ ماتېرىياللىرى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.
(29) «شۇي شۇيىڭنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» 3 - قىسىم، 105 - بەت.
(30) پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار ئىلاۋىسىنىڭ 7 - بېتىدىكىگە ئوخشاش.
(31) پايدىلىنىدىغان ماتېرىياللار ئىلاۋىسىنىڭ 6 - بېتىدىكىگە ئوخشاش.
(32) «شۇي شۇيىڭنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» 3 - قىسىم 78 - بەت.
(33) ئون بىرىنچى ئىزاھاتقا قاراڭ.
(34) «شىنباۋ گېزىتى» نىڭ مىنگونىڭ 12 - يىلى 5 - ئايىنىڭ 24 - كۈنى نەشرىنىڭ 3 - بېتى.
(35) جاڭ داجۈن «شىنجاڭدا بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل»، «جېن شياڭخەينىڭ «شىنجاڭ ھەققىدىكى قۇرۇق پاراڭلار» ناملىق ئەسىرىدىن ئېلىنغان نەقىل. تەيۋەن لەنشى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.
(36) ئەينى ۋاقىتتا ئۈچ سەر ئۆلكە پۇلغا بىر يۈەنلىك كۈمۈش تەڭگە تېگىشىلەتتى.
(37) بۇرھان شەھىدى «شىنجاڭدا 50 يىل» 103 - بەت.
(38) «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 3 - قىسىم 79 - بەت.
(39) پەرىزات كەيپىسى كېيىن پەرىزات كوچىسى دەپ ئاتىلىدىغان بولغان.
(40) ئىككىنچى جىنتۇەنجۇننىڭ باش قوماندانى فېڭ يۇيشياڭ ئىدى.
(41) «شۇي شۇيىڭنىڭ غەربكە ساياھەت خاتىرىلىرى» 3 - قىسىم 46 - بەت.
(42) يۇقىرىدىكى 3 - قىسىم كىتابنىڭ ئىلاۋىسىدىكى 9 -، 10 - بەتلەردىكىگە ئوخشاش.
(43) جاڭ داجۈن «شىنجاڭدا بوران - چاپقۇنلۇق 70 يىل» نىڭ 2630 - بېتىدە «فەن چىلاڭ» دېگەن ئىسمىدە «يۈن» دېگەن سۆز چۈشۈپ قالغان. فەن يۈنچىلاڭ فەن ياۋنەننىڭ چوڭ ئوغلى فەن شىياڭ بولۇپ، ئەخەللۇسى ماۋرۇ، لەقىمى يۈنچىلاڭ.
(44) سۇبى ھىدىن: «قاچقۇن ما جۇڭيىڭ»، 176 - بەت، نىڭشيا خەلق نەشرىياتىنىڭ 1987 - يىل نەشرى.
(45) ۋېنيې: «شىنجاڭ كىتاب نەشرىياتچىلىقىنىڭ تەرەققىيات تارىخى» (ماتېرىيال ماقالىلىرى).

ئىلاۋىدىن سىرت پايدىلىنىلغان مۇھىم ماتېرىياللار:
1. «شىنباۋ گېزىتى»نىڭ 1921 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە بولغان توپلىمى،

2. مىنگونىڭ 17 - يىلى «جۇڭگو گومىنداڭ پىرقىسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك بۆلۈمى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رەئىسى ياڭ زېڭشىنىڭ قەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىك ئەنزىسىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى تەشۋىقاتى» شىنجاڭنىڭ سىياسىي ئارخىبلىرى 1 — 1 — 133 - نومۇرلۇق.

3. ۋاڭ شۇنەن: «تيەن ۋېيشاڭ جياڭجۇنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ھەم باش قوماندان ياڭ ھەزرەتنىڭ ئائىلە مىراسى ھەققىدە ئېيتقانلىرى»، شىنجاڭ يەرلىك تەزكىرە كومىتېتى ماتېرىيال بۆلۈمىنىڭ كۆچۈرمە ماتېرىيالى.

4. ۋاڭ شۇنەن: «تيەن ۋېيشاڭ جياڭجۇنىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ھەم چېگرا مۇداپىئە نازارەتچىسى ياڭ ھەزرەتنىڭ قەبرە تېشىغا يازغان بېغىشلىمىسى».

5. ۋاڭ شۇنەن: «ياڭ دىڭچېن جياڭجۇنىڭ 60 ياشقا كىرگەنلىكىگە كىرىش سۆز»، تەيۈەن ۋېنخەي نەشرىياتىنىڭ مىنگونىڭ 66 - يىل نەشرى.

6. جىن شۇرېن: «ياڭ ھەزرەتكە تەزىيەنامە»، مىنگونىڭ 19 - يىل نۇسخىسى.

7. ياڭ زېڭشىن: «گۇناھىنى يۇيۇش سەدىقەنامىسى»1 -، 2 -، 3 -، 4 - تۈزۈلمىسى، بېيجىڭ باسمىسى.

8. ياڭ زېڭشىڭ: «گۇناھىنى يۇيۇش سەدىقە خاتىرىلىرى»، بېيجىڭ باسمىسى.

9. «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرىدىن تاللانما» نىڭ 1 -، 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 6 -، 7 -، 8 -، 9 -، 10 -، 11 -، 14 -، 15 -، 17 -، 18 -، 22 - قىسىملىرى، شىنجاڭ باسمىسى.

10. ئۈرۈمچى «تارىخ ماتېرىياللىرى» نىڭ 2 -، 3 -، 4 -، 5 -، 6 - قىسىملىرى، شىنجاڭ باسمىسى.

11. خۇاڭ دىغېي: «شىنجاڭنىڭ تارىخ - جۇغراپىيە تېزىسى» مىنگونىڭ 36 - يىل شاڭخەي نەشرى.

12. لى دىڭيۈي: «شىنجاڭ توغرىسىدا تەتقىقات»، مىنگونىڭ 33 - يىل چۇڭچىڭ نەشرى.

13. زېڭ ۋېنۇۋ: «جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارنى ئىدارە قىلىش تارىخى» 1936 - يىل تىجارەت نەشرىياتى نەشرى.

قوشۇمچە ئىزاھات: بۇ ماقالىنىڭ ماتېرىياللىرى ئەسكەرتىلگەن ۋە ئىلاۋە قىلىنغان مۇھىم پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىن باشقا، قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى فەن ياۋنەنىڭ چوڭ نەۋرىسى، ھازىر پېنسىيىگە چىقىپ تەيبېيدە تۇرۇۋاتقان، يېشى 70 تىن ئاشقان فەن مىڭشىڭ ئەپەندىنىڭ ماتېرىياللىرىدىن ئېلىندى، بۇنى ئالاھىدە ئۇقتۇرۇپ قويىماقچىمەن ھەمدە فەن مىڭشىڭ ئەپەندىگە ئېھتىرام بىلەن رەھمەت ئېيتىمەن.

ئەخمەت يارى تەرجىمىسى

## تەرەققىيپەرۋەر زىيالى نامان ئەپەندى

ئەسقەر ئەيسا

تەرەققىيپەرۋەر خەلقچىل زىيالى، تونۇلغان جامائەت ئەربابى نامان ئەپەندى تۇرسۇنوۋ 1890 - يىلى ئاتۇش شەھەر ئوگرۇق كەنتى قىشلاق مەھەللىسىدىكى بىر باي سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسى ئىمىن ھاجى ۋە تاغىسى موللا تۇردى ھاجىلار ئۆز دەۋرىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر بايلىرى بولۇپ، پۇل چىقىرىپ ئىلغار مەزمۇندىكى كىتابلارنى نەشر قىلدۇرغان، مەكتەپ ئېچىپ بىلىم تارقاتقان كىشىلەر ئىدى. نامان ئەپەندى مۇشۇنداق ئائىلە مۇھىتىدا تەربىيىلەنگەچكە، كىچىكىدىن ئەدەب - ئەخلاقلىق بولۇپ، ئىلىم - پەنگە ئىشتىياق باغلىدى.

1895 - يىلى ئىمىن ھاجى سودىگەرچىلىك بىلەن قاراقولغا چىقىپ، ئۇ يەردە ئائىلىسى بىلەن بىر مەزگىل تۇرۇپ قالىدۇ. نامان ئەپەندى مەكتەپ يېشىغا يەتكەندە دادىسى ئۇنىڭ ئەتراپلىق بىلىم ئېلىشىنى نەزەردە تۇتۇپ، قاراقولدىكى روسچە - ئۇيغۇرچە پەننىي مەكتەپتە ئوقۇتىدۇ. نامان ئەپەندى مەكتەپتە ھەممە پەنلەردە ياخشى ئوقۇپلا قالماي، شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن پىششىق تونۇشتى. بۇ ھال ئۇنىڭدا دېموكراتىك ئىدىيە ۋە تەرەققىيپەرۋەر كۆز قاراشنى شەكىللەندۈردى.

نامان ئەپەندى 1917 - يىلى ئائىلىسى بىلەن بىرگە قاراقولدىن غۇلجىغا قايتىپ كېلىپ، 1924 - يىلى ئىككىنچى قېتىم قارا قولغا چىققىنىدا، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىنكى سوۋېت ئىلىدە يۈز بەرگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر قىلىدۇ. ئۆز خەلقىنىڭ ئېچىنىشلىق ھاياتى ۋە دەھشەتلىك كەچۈرمىشلىرى ئۇنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. ئۇ 1933 - يىلى خىزمەت قىلىشنىڭ پۇرسىتى كەلدى دەپ قاراپ، ئېسىل ئارزۇلارنى قەلبىگە پۈكۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ.

نامان ئەپەندى خۇراپاتلىق، نادانلىق ئاستىدا قالغان مەزلۇم خەلقنى ئويغىتىش، خەلقنى ئاقارتىش، يېڭى پەن - مەدەنىيەت تارقىتىش ئىشلىرىدا قەشقەردىكى قابىل ئىجتىمائىي پائالىيەتچىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. قەشقەرنىڭ مائارىپ، ساقلىقنى ساقلاش، ئەدەبىيات - سەنئەت ئىشلىرىدا كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى ئىشلىدى.

1934 - يىلى «ھىلال ئەھمەر» داۋالاش پونكىتى قەشقەر ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىنىدى، نامان ئەپەندى مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئۇ يېڭىلمەس ئىرادە ۋە ئاجايىپ تەشكىللەش ئىقتىدارى بىلەن دوختۇرخانا قۇرۇلمىسىنى تەڭشەپ ۋە تولۇقلاپ، كەسپىي خادىملارنىڭ خىزمىتىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، قەشقەردە تۇنجى قېتىم مېدىتسىنا بويىچە داۋالاشنىڭ ئاساسىنى ئورغۇزدى. كەسپىي يېتەكچىلىك قىلىشقا ۋە ھەمكارلىشىشقا كىرگەن سوۋېت داۋالاش خادىملىرىنىڭ خىز-

مىتىنى قىزغىن قوللاپ، ئۇلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇردى. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە جاپالىق ئەجرى بىلەن ئەسلىدىكى داۋالاش پونكىتى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە تەرەققىي قىلىپ، ئامبولاتورىيىسى ۋە ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمى، تاشقى كېسەللەر بۆلۈمى ۋە تۇغۇت بۆلۈمىگە ئايرىلغان 40 كارىۋاتلىق ياتاقى بولغان، دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى بىر قەدەر يۈرۈشلەشكەن دوختۇرخانىغا ئايلىنىپ، تەسىر دائىرىسى زور دەرىجىدە كېڭەيدى.

نامان ئەپەندى قەشقەردە يېڭىچە داۋالاشنى يولغا قويۇشتا تىببىي خادىملارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈشكە ئالاھىدە كۆڭۈل بولدى. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرىگە تايىنىپ، ئۆزى تەرجىمانلىق قىلىپ، دوختۇر - دورىگەر تەربىيىلەش كۇرسى ئېچىپ قەشقەردە بىرىنچى ئەۋلاد تىببىي خادىملارنى يېتىشتۈرۈپ چىقتى. ئەينى چاغدا تەربىيىلىنىپ دوختۇر ۋە دورىگەر بولۇپ يېتىشىپ چىققان ئىنايىتىللاخان ھەلىمى، ئابدۇلئەزىز ئەبەيدى، ھەبىبۇللا ھەلىمى، ئابدۇراخمانجان، ئابدىرېھىمجان، ياقۇپ بەگ ھەسەن، زەكى ئابدۇللا، زايىت خوجا، مىنھاجىدىن ۋە شۇ ئاساستا ئىككىنچى قېتىم تەربىيىلەنگەن رەھمىتۇللا ئىبراھىمى، ئابدۇرېشىت قارى، ئابلىز ئەبەيدۇللا، ھەسەن ئىمىن، ئابلىز ساۋۇت، ئابدۇرۇسۇل داۋۇت، ئوبۇلقاسىم قاتارلىق خەلق ئىچىدە ئابروي قازانغان ئاتاقلىق دوختۇر، دورىگەر ۋە تىببىي تەتقىقاتچىلار قەشقەر رايونىنىڭ تىببىي داۋالاش ئىشلىرىدا زور تۆھپىلەرنى ياراتتى.

1935 - يىلى قەشقەر سەمەننىڭ خىلۋاپ كەنتىدە چوما كېسىلى تارقىلىپ، تېز ئادەم ئۆلۈش ھادىسىسى يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن قەشقەر رايونى تەشۋىش ئىچىدە قالدى. بۇ چاغدا نامان ئەپەندى دوختۇرخانىنىڭ ئاساسىي خىزمىتىنى چوما كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چەكلەش ۋە داۋالاشقا قاراتتى. چوما كېسىلىنى داۋالاش بويىچە تېز پۈتتۈرۈش كۇرسى ئېچىپ، تىببىي خادىملارنى تەربىيىلىدى. سوۋېتتىن ياردەمگە كەلگەن تىببىي مۇتەخەسسىسلەر بىلەن زىچ ھەمكارلىشىپ، چوما كېسىلىنىڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتىشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتتى. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭ بۇ قېتىمقى خىزمىتىنى يۇقىرى باھالاپ، نامان ئەپەندىنى ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلىدى.

نامان ئەپەندى 1934 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «سانايى نەپىسە» تىياتىرىنى قۇرغۇچى ئاساسلىق كىشىلەرنىڭ بىرى. ئۇ، تالانتلىق ئارتىس، دىراماتورگ ۋە رېژىسسور ئىدى. ئۇ ئەينى يىللىرى سانايىنەپىسەنىڭ گۈللىنىشىدە تۆھپىكار بولغان. ئۇ ئىجاد قىلىپ رېژىسسورلۇق قىلغان «ناسىر ھاجىم» ناملىق سەھنە ئەسىرىدە قېرى ئەرلەرنىڭ كىچىك قىزلارنى ئەمرىگە ئېلىپ ئاياغ - ئاستى قىلغانلىقى پاش قىلىنغان. ئۆزى ئىجاد قىلىپ، ئۆزى رول ئالغان «ھەكىمە ھازىق نورۇللا ئاخونۇم» ناملىق كومېدىيىسىدە پېرىخۇن — داخانلارنى ۋە يالغان تېۋىپلارنى ئۆتكۈر ساتىرىك قامچا ئاستىغا ئالغان. زۇلۇمغا ۋە فېئوداللىق خوراپاتلىققا قارشى يېزىلغان ئۆزبېكچە «ھەلىمە» ناملىق دىرامىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، رېژىسسورلۇق قىلغان، ئۆزىمۇ رول ئالغان. نامان ئەپەندى ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكنىڭ ئاكتىپ تەشۋىقاتچىسى ئىدى. ئۇ ئەدەبىيات، سەنئەت ئارقىلىق خەلقنى ئويغىتىپ جاھالەتكە قارشى تۇرۇشقا، ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ،

يېڭى پەن - مەدەنىيەت ئىگىلەپ زۇلمەتلىك دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاشقا چاقىرغانىدى.

نامان ئەپەندى ئەينى دەۋردىكى قەشقەر مائارىپىنىڭ پېشقەدەملىرى بىلەن سۆھ-
بەتداش ۋە مەسلەكداش ئىدى. ئۇ مائارىپقا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ھەر يىلى ئوقۇش
باشلاش مۇراسىملىرىغا ۋە مەكتەپلەرنىڭ تۈرلۈك پائالىيەتلىرىگە بېرىپ قاتنىشاتتى. ئۆز
يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئوقۇش قۇراللىرى ئېلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تەقدىم قىلاتتى. ئۆز-
نىڭ نوپۇزى ۋە ئىجتىمائىي ئورنىغا تايىنىپ، مەكتەپلەرنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقىنى
ھەل قىلىشقا، ئوقۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردەم قىلاتتى. شۇڭا قەشقەر مائارىپچىلى-
رى ئۇنىڭ نامىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالىدۇ.

1937 - يىلى 10 - ئايدا، قەشقەر شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى نامان
ئەپەندىنى شىڭ شىسەينىڭ يېڭى شەھەردە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى ليۇسىبىلىك
نامىدىن «چايغا چاقىرىپ» دوختۇرخانىدىن ماشىنا بىلەن ئېلىپ كەتتى. ئۇ، شۇ ئېلىپ
كېتىلگىنىچە قايتىپ كەلمىدى. بۇ قابىلىيەتلىك خەلقپەرۋەر زىيالىي تۈرمىگە قامىلىپ
ئۇزۇن ئۆتمەي ۋەھشىلەرچە ئۆلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ بالىلىرى نامان ئەپەندىنىڭ قەبرى-
سىنى تاپالمىدى. لېكىن ئۇنىڭ قەبرىسى خەلق قەلبىدىن مەڭگۈلۈك ئورۇن ئالدى.
مەزكۇر ماقالە ئاشۇ قەبرىگە ئابىدە تاش بولغۇسى.

...o...

مەزكۇر ماقالىنىڭ يېزىلىشىدا قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللىي شىپاخانىدىكى تەتقىقات-
چى ئىنايىتىللاھەلىمى، باش تېۋىپ ئابدۇراخمان ئاتا، قەشقەر سىياسىي كېڭەش ئەزاسى
سالىجان قارىھاجىم، يەكەن دوختۇرخانا مۇدىر دوختۇر ھەبىبۇللا ھەلىمى قاتارلىق
پېشقەدەملەر مۇھىم ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى. مەرھۇمنىڭ ئىنىسى مەتسىدىق
ھاجىمۇ مەلۇمات بەردى.



# «چارۋىچىلار قوشىقى»نىڭ نەشرىگە قوشۇمچە

## (تۈرمىداشىم قالمان ئاقىتنى ئەسلەپ)

### ۋاڭ ۋېيى

تەھرىر ئىلاۋىسى: خەلقىنىڭ قىزغىن مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان پېشقەدەم سەنئەتكار، ئاتاقلىق رېژىسسور ۋاڭ ۋېيى شىنجاڭ خەلقىنىڭ قەدىناس دوستى. ئۇ 1939-يىلى دۇجۇڭيۈەن، ماۋدۇن، جاڭ جۇڭشىلارنىڭ تەكلىپىگە مۇۋاپىق جاۋدەن، جۇجىنىمىڭ قاتارلىق يولداشلار بىلەن بىللە شىنجاڭغا كېلىپ، كەڭ ئارقا سەپتە ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تەشۋىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان ۋە شىنجاڭدا دراما سەنئىتىنىڭ باشلامچىسى بولغانىدى. ئۇ 1941 - يىلى كۈتۈلمىگەن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، شېڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىگە تاشلانغان. «چارۋىچىلار قوشىقى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئۇنىڭ تۈرمىدە قالمان ئاقىتنىڭ بايانلىرى بويىچە رەتلەپ چىقىشى بىلەن مەيدانغا كەلگەن.

زالىم شېڭ شىسەي شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىگە ئىنتايىن ئېغىر كۈلپەتلەرنى كەلتۈرگەن ئىدى. مەن 1939 - يىلى 8 - ئايدا بەختكە قارشى، شىنجاڭغا كېلىپ، بۇ يەردىكى خەلق بىلەن بىللە ئاشۇ كۈلپەتلەرنى باشتىن كەچۈردۈم. 1941 - يىلى باھار بايرىمى ئەمدىلا ئۆتۈشكە شېڭ شىسەي تەرىپىدە تۇتقۇن قىلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندىم.

شىنجاڭ تۈرمىلىرىنىڭ ھەممىدىن چوڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بىر ئېغىز كامېردا، ئادەتتە، بىر قانچە قېرىنداش مىللەتتىن بولغان مەھبۇسلار بىللە ياتاتتى. مەن بىر كامېردا ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، موڭغۇل، رۇس، خۇيزۇ ۋە قازاق مەھبۇسلار بىلەن بىللە ياتتىم. قالمان ئاقىت ئىسىملىك قازاق قېرىنداشنى تا ھازىرغىچە ئەسلەيمەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر كىچىك كامېردا 2 يىل بىللە ياتتىم. جۈملىدىن بىر يىل ئىككىمىزلا بىر كامېردا ياتتۇق. چوڭلۇقى 10 كۋادرات مېترغىمۇ يەتمەيدىغان بىر ئېغىزلىق كامېردا ئىككىمىز كېچە-كۈندۈز بىللە بولدۇق.

قالمان ئاقىت خېلى بەستلىك ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىدىن ۋە كىيىم - كېچەكلىرىدىن، بولۇپمۇ بېشىدىكى تۈلكە تۇمىقىدىن ئۇنىڭ چارۋىچىلىق رايونىدا ياشايدىغان قازاق قېرىنداشلاردىن ئىكەنلىكى بىلىنىپلا تۇراتتى. ياش قۇرامىنىڭ 30 لاردا ئىكەنلىكى، بولاقتەك پارقىراق كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ زېرەك ھەم قەيسەر ئادەملىكى چىقىپلا تۇراتتى. بىز بىر قانچە كۈن بىللە تۇرغاندىن كېيىن بىر - بىرى-

مىز بىلەن تونۇشتۇق. قالماننىڭ خەنزۇ تىلىدا سەل قىينىلىپ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن ئۇنىڭ شىنجاڭنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن ئاتالمىش ئالتاي توپىلىڭى ئەنزىسىگە ئالاقىدار 13 سەردارنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار ئەر - ئايال، ياش - قېرى قازاق قېرىنداشلارنى باشلاپ، پۈتۈن مال - بارانلارنى ھەيدەپ تاغ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، شېڭ شىسەينىڭ زىيانكەشلىكىگە قارشىلىق كۆرسەتكەن. شېڭ شىسەينىڭ ئەسكەرلىرى تاغقا چىقىپ ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئامالسىز قالغان. ئاخىر شېڭ شىسەي «تىنچلىق» ۋاستىسىنى ئىشقا سېلىپ، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى چيۇ دېڭكوڭ (شېڭنىڭ قېيىن ئاتىسى) نى ئالتاي ۋىلايىتىگە ئەۋەتىدۇ. ئۇ قازاقلار بىلەن تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ بۇ ماجىرانى ھەل قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن قازاقلار تاغدىن چۈشىدۇ ھەم قوللىرىدىكى قورال - ياراقلىرىنى ھۆكۈمەتكە تاپشۇرىدۇ. كېيىن شېڭ شىسەي 13 سەردارنى تەبرىك يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئۈرۈمچىگە تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ قازاق سەردارلىرى ئۈرۈمچىگە كېلىپ بىر مېھمانخانىغا چۈشىدۇ. دەسلەپكى كۈنلەردە شېڭ شىسەينىڭ ئادەملىرى ئۇلارنى باشلاپ چىقىپ كوچىلارنى تاماشا قىلدۇرىدۇ. ئۇلارنى پۇقرالارغا كۆرسىتىپ، كوپچىلىكنى ئاتالمىش قازاقلار توپىلىڭى راستىنلا تىنچ يول بىلەن ھەل قىلىنغان ئوخشايدۇ دېگەن ئويغا كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى سىرتقا چىقارماي مېھمانخانىغا نەزەربەند قىلىپ قويىدۇ. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ 13 سەردارنى پۈتۈنلەي تۈرمىگە تاشلايدۇ. قالمان ئاقىۋەت ئەنە شۇنداق يوللار بىلەن مەن ياتقان كامېرغا كىرىپ قالغان.

قالماننىڭ دادىسى قازاقلارنىڭ دىنىي مۆتىۋەرى، شۇنداقلا ئاتاقلىق شائىر بولۇپ، خەلق ئارىسىدا ناھايىتى يۇكسەك ئابروي - ئىناۋەت قازانغان. ئۇنى ۋە قازاقلارنىڭ بىر قانچە ئاقساقىلىنى شېڭ شىسەي تۇتقۇن قىلىپ تۈرمىگە تاشلىغانلىقى ئۈچۈن، قالمان باشلىق 13 كىشى نائىلاج «توپىلاڭ» كۆتۈرۈپ، شېڭ شىسەيدىن ئەنە شۇ قازاق ئاقساقاللىرىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان. ئەمدىلىكتە قالماننىڭ ئۆزىمۇ تۈرمىگە تاشلانغان. شۇڭا، ئۇ شېڭ شىسەينىڭ دامىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىدۇ، شۇنىڭدەك دادىسىنىڭ ۋە قالغان ئاقساقاللارنىڭ تۈرمىدىن قۇتۇلۇپ چىقىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭمۇ بالا - ۋاقىلىرىغا قوشۇلۇشقا كۆز يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ؛ بولۇپمۇ شېڭ شىسەينىڭ قازاق خەلقىنى تېخىمۇ دەھشەتلىك باستۇرۇشىدىن قاتتىق ئەنسىرەيدۇ.

قالماننىڭ بىر تۇغقىنىمۇ مۇشۇ تۈرمىگە قامىلىپ، بۇ يەردە گۇناھكار ئىشچى بولۇپ ئىشلەيتتى. ئۇ كۈندە ئىككى قېتىم چېلەكتە قايناق سۇ ئېلىپ كېلىپ كامېرلارنىڭ ئىشىك ئالدىغا قويۇپ قوياتتى، ئاندىن گۇندىپاي كامېرنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەرسە، كامېردىكى مەھبۇسلار چىقىپ قايناق سۇنى چېلەك بىلەن ئەكىرىپ كېتەتتى. قالماننىڭ بۇ تۇغقىنى دائىم گۇندىپاي دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئىشىك سىرتىدىن قالمان بىلەن سالاملىشاتتى، خەۋەر - ئۇچۇرلارنى يەتكۈزۈپ تۇراتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قالماننىڭ مۇشۇ تۇغقىنى كامېر ئىشىكىنىڭ تۆشۈكىدىن بىر مونەك قەغەز بىلەن كىچىككىنە بىر قېرىنداش قەلەمنى تاشلاپ بەردى، قالمان مونەك قەغەزنى ئېچىپ تۈزلەپ، ئۇنى ئۇششاق باغاقچە شەكلىدە يىرتىپ، ئېلىپ قويدى. ئۇ ھەر كۈنى

بۇ قەغەزلەرگە قانداقتۇ بىرنىمىلەرنى يازاتتى، ئاندىن يازغانلىرىنى كىتاب بەتلىرىنىڭ بوش جايلىرىغا كۆچۈرۈۋالاتتى، كېيىن باغاقچە قەغەزلەرنى نەرەتكە ئېلىپ چىققاندا ھاجەتخانىدىكى تاختاي تېگىگە تىقىپ قوياتتى. مەن ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭدىن نېمە يېزىۋاتقانلىقىنى سورىدىم. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ يۇرتداشلىرى ئارىسىدا تونۇلغان ئاقىن قوشاقچى ئىكەنلىكىنى، ھېلىقى تۇغقىنىنىڭ ئۇنىڭدىن كۈندە قوشاق تېكىستى يېزىپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. مەن بۇ ئىشقا ناھايىتى قىزىقتىم ـ دە، قالماندىن ھېلىقى كىتاب بەتلىرىنىڭ بوش جايلىرىغا كۆچۈرۈپ قويۇلغان قوشاق تېكىستلىرىنى خەنزۇ تىلىدا ماڭا سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلدىم. قوشاق تېكىستلىرى پارچە ـ پارچە بولۇپ، بۇلاردا يايلاقتىكى چارۋىچىلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى تەسۋىرلەنگەن. بۇ شۇنداقلا ئۇنىڭ يۇرتىنى ۋە تۇغقانلىرىنى قاتتىق سېغىنىشى ئىدى. بۇ ئىش ماڭا تەسىر قىلىپ شۇئان، مەندە بۇ قوشاق تېكىستلىرىنى يېزىۋېلىش ئارزۇسىنى ئويغاتتى. ئۇ مېنىڭ تەلىپىم بويىچە تېكىستلارنى جۈملىمۇ جۈملە سۆزلەپ بەردى، مەن بولسام بىر ـ بىرلەپ يېزىۋالدىم. ئاندىن ئۇ سۆزلەپ بەرگەن چارۋىچىلارنىڭ كۆچمەن تۇرمۇش ئالاھىدىلىكىنى بايان قىلىدىغان ۋەقەلەرگە ئاساسەن «قىز قوغلاش»، «بۆركۈت» ۋە «توي» دېگەنگە ئوخشاش سەككىز ماۋزۇ تاللىدىم، ئاندىن قالماندىن مۇشۇ ماۋزۇلار بويىچە تېكىست يېزىشنى تەلەپ قىلدىم. ئۇ ماقۇل بولۇپ، مۇشۇ ماۋزۇلار بويىچە 160 نەچچە كۇپلېت تېكىست يېزىپ چىقتى (ئىلگىرى يېزىلغان 40 نەچچە كۇپلېت تېكىستمۇ بۇنىڭ ئىچىدە). مەن بۇلارغا قاراپ، قالماننىڭ راستىنلا قابىل يايلاق شائىرى ئىكەنلىكىنى بىلدىم. ئۇ شېئىردا بايان بىلەن لىرىكىلىقنى ناھايىتى تەبىئى ۋە جانلىق جىپسىلاشتۇرغان بولۇپ، قىزىقتۇرارلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭا مەن قازاقلارنىڭ كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىغا مەپتۇن بولۇپ قالدىم.

شۇنداق قىلىپ، مەن تۈرمىدە خاتىرىلىۋالغان مەزمۇنلارنى رەتلەپ شېئىر شەكلىگە كەلتۈردۈم ھەم بەختكە يارىشا كۈنلەرنىڭ بىرىدە تۈرمىدىن چىقىپ كەتتىم، يايلاقنىڭ ساپ ھىدى بىلەن سۇغۇرۇلغان بۇ شېئىرلارنى خەلقى ئالەمگە تەقدىم قىلىش ئىستىكى قەلبىمدە پارلىدى. دەرۋەقە، ئارىدىن 10 نەچچە يىل ئۆتكەندە مېنىڭ ھېلىقى ئىستىكىم رېئاللىققا ئايلاندى. مەن تۈرمىدىن چىقىپ نۇرغۇن قېتىم تۈزەتكەن قوليازمامنى 1956 ـ يىل 10 ـ ئايدا «چارۋىچىلار قوشىقى» دەپ نام بېرىپ، ئۇنى بېيجىڭ ئەدەبىيات نەشرىياتىغا ئەۋەتتىم ھەم تېزلا ئۇلارنىڭ بۇنى قوبۇل قىلىپ نەشر قىلماقچى بولغانلىقى توغرىسىدا جاۋاب ئالدىم. ئۇلار كىتابنى بىرىنچى نەشرىدە 10·000 تىراژ بىلەن نەشر قىلماقچى بولغان، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي كىتابنىڭ بىرىنچى نەشر تىراژىنى يەنە 5000 پارچە ئاشۇرماقچى بولغانلىقى ھەققىدە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئەينى ۋاقىتتا بېيجىڭدا يېڭى نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىمۇ خەت يېزىپ، «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىدا بۇ شېئىرلارنى داۋاملىق بېسىش ئۈچۈن مېنىڭ رازىلىقىمنى سورىدى. مەن ئۇلارغا خۇرسەنلىك بىلەن رازىلىق بىلدۈردۈم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي «شېئىرىيەت» ژۇرنىلى نەشرىياتىدىن يەنە خەت كەلدى. خەتتە ئېيتىلىشىچە، «ئەدەبىيات» نەشرىياتى بۇ شېئىرلارنى توپلام قىلىپ چىقىرىشقا تەسىر يېتىپ قالمىسۇن دەپ، ئاۋۋال «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىشقا قوشۇلماپتۇ. شۇنداق قىلىپ،

«شېئىرىيەت» ژۇرنىلى يەنىلا مەن كىتابقا يازغان «مۇقەددىمە»نى بۇ ژۇرنالنىڭ ئىككىنچى سانىغا باسقان. كىتابنى نەشر قىلىشنىڭ بۇ جەريانى مۇشۇ شېئىرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى نەشرىيات ساھەسىنىڭ دىققەت ئېتىبارىغا ئېرىشكەنلىكىنىلا بىلدۈرۈشى مۇمكىن.

قالمان ئاقىتنىڭ تۈرمىدە ئىجات قىلغان قازاق شېئىرلىرى توپلىمى «چارۋىچىلار قوشىقى» 1957 - يىلى 5 - ئايدا نەشردىن چىقتى. بۇ قالمان بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدا تۈرمىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن دوستلۇقنىڭ مېۋىسى. بۇ دوستلۇقمۇ ئاشۇ شېئىرلار توپلىمى بىلەن بىللە ياشايدۇ. قازاق مىللىتىنىڭ شېئىر سەنئىتى ۋە مەزمۇنغا باي، شەكلى قىزىقارلىق كۆچمەن چارۋىچىلىق تۇرمۇشىمۇ مۇشۇ شېئىرلار توپلىمى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى كىتابخانىلارغا يېرىپ يېتىدۇ.

ئەدەبىيات نەشرىياتى قالمانغا كىتاب ۋە قەلەم ھەققى ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئادرېسىنى مەندىن سورىغانىكەن، مەن شىنجاڭدىكى بەزى تونۇشلىرىم ئارقىلىق خەت يېزىپ يۈرۈپ ئاخىر قالماننى تېپىۋالدىم، بۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز خۇشال بولدۇم. ئۇنى گۇندىپاي كۇدە - كۆپلىرىنى كۆتۈرگۈزۈپ كامېردىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىدىن پەقەت خەۋەر ئالالمىغان ئىدىم. ئاردىن ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى، ۋەتىنىمىز ئازاد بولدى. ئاخىر مەنمۇ ئۆنىڭ ئۆز يۇرتىدا ساق - سالامەت ياشاۋاتقانلىقىدىن، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆز يۇرتى كۆكتوقاي ناھىيىسىگە مۇئاۋىن ھاكىم بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. مەن دوستلۇقىمىزنىڭ داۋاملىشىدىغانلىقىدىن ئۈمىدكە تولۇپ، ئىنتايىن خۇشال بولدۇم. لېكىن، شۇنىڭدىن كېيىن سىياسىي ھەركەتلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كەينى - كەينىدىن كېلىۋەردى، بىزنىڭ دوستلۇقىمىز يەنە مۇزلاپ قالدى. 10 يىل داۋام قىلغان بالايىئاپەتتىن كېيىن، مەن يەنە خەت يېزىپ قالماننى سۈرۈشتۈردۈم، قالماننىڭ يەنە پالاكەتكە يولۇققانلىقىنى ئۇقتۇم، ئەمما ئەمەلىي ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى بىلەلمىدىم. يېقىندا ئالتاي ۋىلايەتلىك تەزكىرە ئىشخانىسى قازاق شېئىرلىرىنى توپلىماقچى بولۇپ، «چارۋىچىلار قوشىقى» ناملىق شېئىرلا توپلىمىنى ئارىيەت سوراپ ماڭا خەت يېزىپتۇ. مەن بۇ ئالاقە رىشتىسى ئارقىلىق قالمان توغرىسىدىكى بەزىبىر ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپقان بولدۇم. مەلۇم بولۇشىچە، قالمان ۋاپات بولغىلى 10 يىلدىن ئېشىپتۇ، مەن قاتتىق ئېچىندىم. بىر نەرسە مېنى خۇشال قىلىدىكى، قالماننىڭ ئوغلى غازىز ئاقىت كۆكتوقاي ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ھەيئىتىدە مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ، دادىسىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ يۇرتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن، ۋەتىنىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تىرىشىپ ئىشلەۋېتىپتۇ. مەن يىراق گۇاڭجۇدا تۇرۇپ سەمىمىي ھەم قايغۇ - ھەسرەت بىلەن: «تىنچ يېتىڭ مېنىڭ ئۇنتۇلماس تۈرمىداش دوستۇم — قالمان!» دەپ خىتاب قىلىمەن.

1988 - يىل 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى، گۇاڭجۇ.

ئەخمەت يارى تەرجىمىسى

(«شىنجاڭ ۋېنسى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىل سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان)

## زىبك ۋېنۋۇنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشى

### كاڭ ۋېنۋي

زىبك ۋېنۋۇ گۇاڭدۇڭنىڭ شىڭنىڭ (مېيشەن ناھىيىسى) دېگەن يېرىدىن بولۇپ منگونىڭ 22 - يىلى (1933 - يىلى) ئۆپچۆرىسىدە گومىنداڭ مەسلىھەتچىلەر بولۇمى قارمقىدىكى چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنىدا شياۋ جياڭ دەرىجىلىك ھەربىي ئۇنۋان بىلەن ئىشلىگەن. منگونىڭ 34 - يىلى (1945 - يىلى) 1 - ئايدا شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى ۋۇ جۇڭشىننىڭ تەكلىپى بويىچە تۇرپان ناھىيىسىگە ھاكىم بولغان. ئۇ چېگرا ئىشلىرى تەتقىقات ئورنىدا ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا غەربىي دىيارنىڭ تارىخىنى ئىخلاس بىلەن تەتقىق قىلغان، كونا ئۇيغۇر تىل - يېزىقىنى ئۆگەنگەن، منگونىڭ 24 - يىلى (1935 - يىلى) 11 - ئايدا «جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارنى ئىدارە قىلىش تارىخى» ناملىق كىتابنى نەشر قىلدۇرغان. بۇ كىتاب مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تارىخشۇناسلارنىڭ قىزغىن دىققەت ئېتىبارىغا سازاۋەر بولغان. زىبك ۋېنۋۇ شىنجاڭغا كېلىشتە، بىۋاستە ئەمەلىيەت ئۆتكۈزۈپ، «جۇڭگونىڭ غەربىي دىيارنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دىكى ماتېرىياللارنى يەنىمۇ تولۇقلاپ، ئەلنى ئىدارە قىلىشنىڭ تارىخىي دەستۇرىغا ئايلاندۇرۇشنى كۆزلىگەن.

زىبك ۋېنۋۇ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋېلىپ ئىشقا كىرىشكەندىن كېيىن، يەرلىك مۇسۇلمانلار ئاھالىسى بىلەن ناھايىتى قويۇق ئالاقىدا بولىدۇ ھەمدە «قۇرئان»نى ئوقۇشقا كىرىشىدۇ. ھۆكۈمەت ئىشلىرىدىن سىرتقى چاغلاردا، ھەمىشە تۇرپاندىكى چوڭ ئۆلىمالارنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇلاردىن تەلىم ئالىدۇ. زىبك ۋېنۋۇ تۇرمۇشىدا چېكىملىك، ئىچىملىك دېگەن نەرسىلەرنى ئۆزىگە يېقىن يولاتمىغان، قىماردىن قاتتىق ھەزەر ئەيلىگەن، شۇنىڭ ئۈچۈن، يەرلىك مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچلۈك ئىشەنچىگە ئىگە بولغان. ئۇ منگونىڭ 35 - يىلى (1946 - يىلى) نىڭ بېشىدا تۇرپاندىكى مۇسۇلمان مۆتىۋەرلىرىگە ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش ئارزۇسىنى بىلدۇرۇپ، گالى ھاجى، غوپۇر گالى، نىزامىدىن ئاخۇن قاتارلىق دىنىي مۆتىۋەرلەر بىلەن بىرلىكتە دىنىي ئەقىدىلەر ۋە دىنىي قائىدىلەرنى مۇھاكىمە قىلىدۇ. ئۇيغۇر ۋە خۇيزۇ ئاخۇنلار تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ۋە مەسلىھەتلىشىپ بىر پىكىرگە كەلگەندىن، كېيىن زىبك ۋېنۋۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىغا قوشۇلىدۇ.

زىبك ۋېنۋۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى 1946 - يىلى قۇربان ھېيتتا مۇسۇلمانلارغا ئۇقتۇرۇلىدۇ. شۇ كۈنى رەخمىتۇللا ھاجىنىڭ ئۆيىدە كىيىم يۆتكەش رەسمىيىتى ئۆتىلىدۇ. زىبك ۋېنۋۇ ئۇيغۇرلارنىڭ پەرىجە چاپىنىنى كىيگەن، بېشىغا سەللە ئورىغان ھالدا ئاخۇنلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئىمىن خوجا مۇنارىسى يېنىدىكى جامەئەگە بېرىپ ھېيت نامىزى ئۆتەيدۇ، قازى ئاخۇنۇمنىڭ ۋەز - نەسىھىتىنى ئاڭلايدۇ، ئاندىن ھەرقايسى مەسچىتلەرگە بېرىپ پەتە ئوقۇيدۇ ۋە ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىنى پەتىلەيدۇ. مەن خىز-

(ئاخىرى 58 - بەتتە)

# ئۇيغۇرلار يۇمۇرغا باي خەلق

ئابدىكېرىم راخمان

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ ھەزىلكەشلىكى، خۇش پېئىللىقى، چاقچاق ۋە كۈلكىگە ئامراقلىقى بىلەنمۇ دۇنياغا مەشھۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلار ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا بولىدىغان توي - تۆكۈن، مەشرەپلەر، ئاممۋى سورۇنلار، ھەرخىل مېھماندارچىلىق ئولتۇرۇشلىرىنىڭ ھەممىسىدە كۈلكە ۋە چاقچاق ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ تۇرىدۇ. بۇنداق خۇسۇسىيەت باشقا خەلقلەردە ئاز ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ئۇنى ئۇيغۇر مىللىي پسىخىك ئالاھىدىلىكى دېيىش مۇمكىن. ھەزىل چاقچاقسىز ئۇيغۇرلارنىڭ بىر كۈنىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن، ئۇيغۇر مىللىي پسخولوگىيىسىدىكى بۇ ئالاھىدىلىك ناھايىتى قەدىمكى زامانلاردىن بۇيان بىر تارىخىي ئەنئەنە سۈپىتىدە تاكى ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. دۇنياغا مەشھۇر كومىك ئوبراز - نەسىردىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان يۇمۇرلۇق لەتىپىلىرىمۇ ئەنە شۇ ئالاھىدىلىكنىڭ مەھسۇلى. تۆۋەندە بىز تېخى تارىخىي مەنبەلەرگە تولۇق پۈتۈلمىگەن، ئەمما خەلقىمىز ئارىسىدا نام - شەرىپى ئەپەندى ئوبرازىدىن قېلىشمايدىغان، ئۆتكەن ئەسىردىكى رېئال يۇمۇرلۇق شەخسلەردىن بىرقانچىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1. موللا زەيدىن

موللا زەيدىن (1815 — 1881) لۈكچۈندىكى باغرى يېزىسىدا نامرات دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۆزىنىڭ ئىسمى زەيدىن. موللا ئۇنىڭ تەخەللۇسى. ئۇنىڭ ئاتىسى ئاتاقلىق قوغۇنچى ئىدى. موللا زەيدىن ئالتە يېشىدىن باشلاپ مەھەللىسىدىكى خۇسۇسىي دىنىي مەكتەپتە ئوقۇپ، خەت ساۋادىنى چىقارغاندىن كېيىن، 11 يېشىدا مەدرىسكە ئوقۇشقا كىرىدۇ ۋە 17 يېشىدا پۈتۈن قارى بولۇپ يېتىشىدۇ. ناۋائى، سوپى ئاللايار، خوجا ھاپىز، قۇل خوجا ئەخمەت، مەشرەپ قاتارلىق نامايەندىلەرنىڭ مۇناجەت، قەسىدە ۋە شېئىر - غەزەللىرىنى ئۆگىنىدۇ، شۇنىڭ بىلەن خەلق ئارىسىدا «موللا» نامى بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ. ئۇ كىچىك چېغىدىن باشلاپ چېۋەر سۆز ئۇستىسى، ھازىرجاۋاب كىشى بولۇپ، چاقچاقتا ماھىرلىقى ۋە يۇمۇرلۇق ئالاھىدىلىكى بىلەن خەلق ئارىسىدا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولىدۇ.

موللا زەيدىن دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققاچقا، ئۇنىڭ خەلققە بولغان ھېسداشلىقى كۈچلۈك ئىدى. ئۇ خۇددى نەسىردىن ئەپەندىگە ئوخشاش ئۆز دەۋرىدىكى ۋاڭ خوجىلاردىن تارتىپ قازى كالانلارغىچە، ئالدامچى مولللاردىن تارتىپ خۇراپىي سوپىلارغىچە — ھەممىسىنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىنى ئۆتكۈر ھەجۋىي ۋە ساتىرا ئارقىلىق پاش

قىلغان. مۇشۇ توغرىدىن يۇرتىدىكى مەدرىسىنىڭ مۇدەررىسى زاھىر قازى ھاجى تەرىپىدىن بىرقانچە قېتىم جازاغا تارتىلغان. موللا زەيدىن تەرىپىدىن ئېيتىلغان قوشاقلار، بېيىتلار، ھەجۋىي (كۈلكىلىك) پارچىلار، كىچىك سىياسىي خاھىشتىكى لەتىپىلەر ئۆز دەۋرىدىلا يۇرتتىن ـ يۇرتقا تارقاپ كەتكەن. موللا زەيدىن تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، تىل شېۋە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆز لەتىپىلىرىگە سىڭدۈرگەن. شۇ زامانلاردا تۇرپان، قۇمۇلدىكى ۋاڭ ئوردىلىرىدا چاقچاقچى ماھىر كەپدانلارنى ئوردا خىزمەتچىسى قىلىش ئادىتى بولغاچقا، موللا زەيدىننىڭ نامىنى ئاڭلىغان لۈكچۈندىكى ئەپرىدۇن ۋاڭ ئۇنى ئوردىغا ئەكىلدۈرۈپتۇ. موللا زەيدىن ۋاڭ ئوردىسىدا تۇرۇش جەريانىدا ۋاڭ خوجىلارنى ھەجۋىي قىلىپ مەسخىرە قىلغاچقا سەككىز قېتىم قوغلانغان ۋە توققۇز قېتىم ئوردىغا چاقىرتىلغان. ۋاڭ موللا زەيدىنگە «شېرىن دۈشمىنىم» دەپ نام بەرگەن. ئەپرىدۇن ۋاڭ بېيجىڭدىكى مەنچىڭ ھۆكۈمىتىگە سالامغا بارغاندىمۇ، كېيىن مەنسىۋى ئۆسۈپ قەشقەردە ۋاڭ بولۇپ تۇرغاندىمۇ، موللا زەيدىننى ئۆز يېنىدا بىللە ئېلىپ يۈرگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا موللا زەيدىن 30 يېشىدا ئالمىخان دېگەن قىز بىلەن تۇرمۇش قۇرغان. ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان

«ئالمىخاننىڭ بېغى بار،
كۆل تۈۋىدە چېكى بار.
ئالمىخانغا سەپسېلىڭلار،
ئوڭ قېشىدا مېڭى بار».

دەپ باشلىنىدىغان «ئالمىخان» ناملىق ناخشىنى موللا زەيدىن شۇ قىزغا ئاشىق بولۇپ يۈرگەن مەزگىللىرىدە ئىجاد قىلغانىكەن.

موللا زەيدىن قەشقەردە ئەپرىدۇن ۋاڭ بىلەن 9 يىل بىللە تۇرۇپ، 1860 ـ يىلى ئۆز يۇرتى لۈكچۈنگە قايتىپ كەلگەن ۋە 1880 ـ يىللىرى (ۋاپات بولۇشتىن بىر ئاز ئىلگىرى) ئۆزىگە لۈكچۈن شەھىرىنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى سىرتىدىكى ئاچا يول بويىغا گۈمبەز ياساتقان، ئىشىك بېشىغا بىر تاختا بېكىتىپ، ئۇنىڭغا بىرنەچچە مىسرا ھەجۋىي نەزم يېزىپ قالدۇرغان. موللا زەيدىن ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ قىزىق پاراڭلىرى، كۈلكىلىك لەتىپىلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ، خەلقنىڭ روھىي بايلىقى سۈپىتىدە ساقلىنىپ كەلمەكتە.

موللا زەيدىن داڭلىق لەتىپىچى ۋە قىزىقچى سۈپىتىدە تۇرپاندىن باشقا شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىكى خەلقلەر ئارىسىدىمۇ زور شۆھرەت قازانغان. ھازىر ئۇنىڭ لەتىپىلىرى ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىگىمۇ مەلۇم بولماقتا.

### 2. سەلەي چاققان

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەسرىدىن ئەپەندى، موللا زەيدىنگە ئوخشاش ھازىر جاۋابە قىزىقچىلىرىدىن بىرى سەلەي چاققاندۇر.

موللا زەيدىن بىلەن زامانداش ئۆتكەن سەلەي چاققان (ئەسلى ئىسمى مۇھەممەت سالىھ ئوغلى بولۇپ، ئادەتتە مەتسەلەي دەپ ئاتالغان) 1816 ـ يىلى قەشقەر ۋىلايىتى

توققۇزاق ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسىدا كەمبەغەل ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

ئاتىسى مۇھەممەت ئاخۇن (مەمتاخۇن) سەلەينىڭ ئەقىل ـ ئىدرەكلىك بالا بولۇپ ئۆسۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ ئۇنى مەھەللىدىكى خەلپەتلەردە ئوقۇتىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن، قەشقەر شەھىرىدىكى ھېيتكار مەدرىسىگە ئاپىرىپ بېرىدۇ. لېكىن، دادىسىنىڭ ۋاپات بولۇشى سەۋەبلىك ئوقۇشنى ئاخىرغىچە داۋاملاشتۇرالمايدۇ. سەلەي ياش ۋاقتىدىن باشلاپ سەنئەتخۇمار بولغاچقا، خەلق ئارىسىدىكى ھەر خىل سەنئەت پائالىيەتلىرىگە ئاكتىپ قاتنىشىدۇ. بولۇپمۇ خەلق دانىشمەنلىكىنىڭ خەزىنىسى بولغان خەلق قوشاقلىرى، داستان — قىسسەلەر، رىۋايەت ـ ئەپسانىلىرى، ماقال ـ تەمسىللەر، ھېكمەتلىك سۆزلەر، لەتىپە ۋە چاقچاقلارنى تىرىشىپ ئۆگىنىدۇ. ئۇ ھەر دائىم خەلق سورۇنلىرىدا ۋە مەشرەپلەردە داڭلىق سازەندىلەر، ئاتاقلىق غەزەلخانلار، سۆز ئۇستىلىرى — چاقچاقچىلار، ھەزىلچىلەر، قىزىقچىلار، مەدداھلار بىلەن بىللە بولۇپ ئۇلاردىن ئۆگىنىدۇ. ئەنە شۇنداق مۇھىت ئاستىدا مەتسەلەي ئاخىرى خەلق سۆيىدىغان سەنئەتكار، داڭلىق قىزىقچى بولۇپ يېتىلىدۇ. ئۇ، چاقچاق، بەس ـ مۇنازىرە ۋە سۆزدە چاققان، ئۆتكۈر، ھازىر جاۋاب بولغىنى ئۈچۈن، خەلق ئۇنى «سەلەي چاققان» دەپ ئاتىغانىدى. سەلەينىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇ ناخشا ـ قوشاقلارنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېيتىشتىن تاشقىرى ئۆزى ھەم ئىجاد قىلغۇچى ئىدى.

مەسىلەن:

ئېتىمنى سورىساڭ سەلەي،
قەشقەر بېشى ئوپالدىن.
راۋاب چېلىپ ئوينايمەن،
قورقماي زادى ئامبالدىن.

سەلەي چاققان ئۆز ئىجادىدا خانلار بىلەن ۋاڭلارنى ھەجۋىلەپ پاش قىلىدىغان، مەسخىرلەپ كۈلكە قىلىدىغان كۆپلىگەن لەتىپىلەرنى ئىجاد قىلدى. مەسىلەن: تاجاۋۇزچى ياقۇپبەگنىڭ قەشقەر خەلقىگە سالغان زۇلۇمىنى پاش قىلىدىغان مۇنداق بىر لەتىپىنى مىسال قىلىش كۇپايە:

ياقۇپبەگ بىر چوڭ ئولتۇرۇشتا:

— سەلەي ئاخۇن، كۆردۈڭمۇ، مېنىڭ زامانەمدە قوينىڭ دۈمبىسىدە تورغايلار ئۇۋىلايدىغان بولدى، — دەپتۇ.

سەلەي چاققان:

— راست ئېيتىلا تەخسىر، ئۆزلىرىنىڭ دۆلىتىدە تورغايلار ئۇۋىلاشقا پەقەت شۇ قويلارنىڭ دۈمبىسىلا قالدى ـ دە، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سەلەي چاققاننىڭ ۋاپات بولغان يىلى نامەلۇم.

### 3. موللا مەتيار خەلپىتىم

ئۇيغۇر فولكلورىدىكى كومىك قەھرىمانلارنىڭ يەنە بىرى موللامەتيار خەلپىتىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. موللا مەتيار خەلپىتىم

نىڭ تەرجىمىھالى توغرۇلۇق بىزدە ھازىرغىچە تولۇق ماتېرىيال يوق. تەكشۈرۈش جەريانىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن ئاغزاكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، موللا مەتيار خەلپىتىم تەخمىنەن 19 - ئەسىرنىڭ 60 - يىللىرى قەشقەردە تۇغۇلغان بولۇپ، ئاخىرقى ئۆمرى ئىلىدا ئۆتكەن.

موللا مەتيار خەلپىتىمنى خۇددى نەسرىدىن ئەپەندى، موللا زەيدىن، سەلەي چاققانغا ئوخشاش ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئىجادىنىڭ ھەجۋىي قىسمىدا ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇن تۇتىدۇ.

موللا مەتيار خەلپىتىم ئۆز دەۋرىنىڭ ئوقۇمۇشلۇق ئەربابى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆز ھاياتىدا ئەزگۈچى سىنىپ ۋەكىللىرىنى، زالىملارنى، خۇراپىي — روھانىيلارنى، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل ناچار ئىللەتلەرنى ھەجۋىي قىلىدىغان نۇرغۇن لەتىپىلەرنى ئىجاد قىلغان. مەسىلەن:

بىر كۈنى مەھەللىنىڭ شاگىۋىسى موللا مەتيار خەلپىتىمنى چاقىرتىپ كېلىپ:

— خەلپىتىم! مەن سىزنى چاقىرغاندا چاپسان - چاپسان كېلىپ تۇرۇڭ، قولۇمدىن كەلگەن ياردىمىمنى سىزگە كۆرسىتىپ تۇرىمەن، ئۆزىڭىزمۇ ماڭا كېرەك بولۇپ قالغان ياردىمىڭىزنى مەندىن ئايىماسسىز، دەپ ئىشىنىمەن، — دەپتۇ.

موللا مەتيار خەلپىتىم ھەيران بولۇپ:

— شاگىۋۇم، پېقىرنىڭ سىلىگە قانداق ياردىمى تېگىشى مۇمكىن؟ — دەپتۇ.

— قانداق ياردەم بولاتتى، — دەپتۇ شاگىۋۇ، — دۇنيا (پۇل) ياردىمى ئەمەس، ئەلۋەتتە! ئۇ سىلەردە يوق، پەقەت ئارىلاپ - ئارىلاپ مەن ھاجەت بولىدىغان ئاغزىڭىزنىڭ يېلى، باشقا نەرسە ئەمەس. موللا مەتيار خەلپىم:

— «مەن چۈشەنمىدىم، مېنىڭ ئاغزىمنىڭ يېلى سىلىگە نېمە ئۈچۈن كېرەك بولىدۇ؟» دېسە، شاگىۋۇ:

«ۋاي خۇدا، تازا نادان خەلپەت ئوخشايسىزغۇ، ئۇنىڭ چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار، پەقەت مەن چاقىرغاندا كېلىپ ئانچە - مۇنچە يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بېرىسىز، بەزى ۋاقىتلاردا يالغان قەسەملەرنىمۇ ئېچىپ بېرىسىز» دەپتۇ. شاگىۋۇنىڭ ھارام مەقسىتىنى چۈشەنگەن موللا مەتيار خەلپىتىم:

— قورسىقىمدا زادى كەپ ياتمايدىغان بىر قىلىقىم بار، بولۇپمۇ مانا مۇشۇنداق تېرەمگە سىغمايدىغان ئىشلارنى يامان ۋاقىتلاردا كۆپچىلىك ئالدىدا ئېيتىپ قويىدىغان ئەسكى ئادىتىم بار. مەسىلەن، سىلى ئۆلگەندە، ئۆزلىرىنى كۆمگەن گۆرنىڭ ئۈستىگە توپا تاشلاۋېتىپ، بىرى «شاگىۋۇم قانداق كىشى ئىدى» دەپ سوراپ قالسا، مەن «يالغان قەسەم بىلەن يالغان گۇۋاھچىلارنىڭ شاگىۋۇسى ئىدى» دەپ ئېيتىپ قويۇشۇم مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن قورساقتا ياتمايدىغان بۇ گەپكە مېنى ئارىلاشتۇرمىسىلا بولارمىكىن دەپتۇ. شاگىۋۇ:

«ياللا، بۇ ماڭا قىيامەتلىك دۈشمەن بولىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ موللا مەتيار خەلپىتىمنى ئۆيىدىن قوغلاپتۇ.

(ئاپتورنىڭ ئادرىسى شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات پاكولتېتى)

## ئالىم ۋە ئەدىپلىرىمىز ھەققىدە يۇمۇرلۇق ھېكايىلەر

### ھاجى ئەخمەت

#### شىر قاپلانلار چۆل - باياۋاندا ياشايدۇ

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق پېشۋاسى، شائىر ۋە ئالىم ھۇسەيىنخان تەجەللى (1850 — 1930) پۈتۈن ئۆمرىنى ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئەدەبىي - ئىلمىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا سەرپ قىلىپ، فېئودال ھۆكۈمدارلار ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىگە ئارىلىشىشنى خالىماي، خىلۋەت يېزىلارنىڭ بىرىدىكى قورۇ - جايىدا تۇرمۇش كۆچۈرەتتى.

كۆڭلىرىنىڭ بىرىدە بەگ - تۆرىلىرىنىڭ سايىسىدا خۇشامەت بىلەن جان باقىدىغان تونۇشلىرىدىن بىرى تەجەللىنى ئۇچرىتىپ قېلىپ:

— تەقسىر، ئۆزلىرى بەكمۇ كەم دىدار بولۇپ كەتتىلە، نېمە سەۋەبتىن دوست - ئەقرىبالار بىلەن بىللە شەھەردە تۇرۇشنى خالىماي، سەھرايى قىيامەتتە ياشاشنى ئىختىيار قىلدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇنىڭ ھەيران قالغۇدەك نېمىسى بار؟ — دەپتۇ تەجەللى ئۇنىڭغا جاۋابەن، — ھەممىگە ئايانكى، لالما ئىتلار شەھەر كوچىلىرىدا تەمتىرەپ يۈرۈشىدۇ، شىر - قاپلانلار بولسا، چۆل - باياۋاندا ياشايدۇ.

#### ھەر غەزىلى — بىر ئوغۇل

XVII، XVIII ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئۇلۇغ نامايەندىسى مۇھەممەت سىدىق زەلىلى بۇ دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتىنى تەرك ئەتكەن، دەرۋىش سۈپەت ئادەم بولۇپ، پەقىرانە تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇ 50 ياشقا كىرگەن يىلى ئىككى بالىسى كېسەل بولۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. بۇنى كۆرگەن بىر قىسىم خوراپىي كىشىلەر: «خۇدانىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، نەسلى قۇرىدى!» دەپ، زەلىلىنىڭ ئارقىسىدىن سۆز - چۆچەك تارقىتىدۇ. نادانلار پىتنىسى قۇلىقىغا يېتىپ يەتكەن شائىر «قەھرى - غەزىپىنى باسالماستىن، قولىغا قەلەم ئالىدۇ، دە:

«نەسلى جاھاندا قالمىدى تەلبە زەلىلىنىڭ دېمەڭ،

ئۆلگەندىن سوڭ كۆرۈڭ ھەر غەزەلىدۇر بىر ئوغۇل» — دېگەن مىسرالارنى يازىدۇ.

بۇ — تۇرمۇش سەرسانچىلىقى ۋە پەرزەنت قايغۇسىدا يۈرىكى زېدىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆز ئەمگىكىنىڭ قىممىتىنى تولۇق چۈشەنگەن ۋە كەلگۈسىگە ئۈمىدۋارلىق بىلەن قارىغان ئىلغار پىكىرلىك شائىرنىڭ ئۆزىنى «نەسلى قۇرۇيدىغان بولدى» دېگۈچىلەرگە قايتۇرغان ياڭراق جاۋابى ئىدى.

## «بە دۆلەت» ئۈچۈن قىممەتكە توختىغان چاقچاق

بىر يىلى بەدۆلەت (ياقۇپبەگ) قىسمەن ئوردا خادىملىرى بىلەن مۇلازىملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مازىرىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن، ئاتۇشنىڭ مەشھەتكە چىقىدۇ. ئوردا خادىملىرى ئارىسىدا ئاتاقلىق دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى، مەرىپەتچى شائىر مەھمۇد ھېكىمبەگمۇ بار ئىدى. زىيارەت ئاياقلاشقاندىن كېيىن، ئۇ بە دۆلەتنى ئۆزىنىڭ ئاتۇشتىكى قورۇ ـ جايىغا باشلاپ زىياپەت بېرىدۇ. مېھمانلار يەپ ـ ئىچىپ، كەيپى كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆزئارا كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن سۆھبەت قىزىپ كېتىدۇ.

يەڭگىل تەبىئەتلىك بە دۆلەت تۇساتتىنلا مەھمۇت ھېكىمبەگكە بىمەنە بىر چاقچاق قىلىدۇ:

— بېگىم، سىزنىڭ بۇ يۇرتلاردا مەزلۇمە ئاجىزلارنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «خان»نى قوشۇپ «ھاۋاخان»، «نىساخان»، «ئايشەمخان» دەپ ئاتايدىكەن، ئەر كىشىلەرمۇ ئوخشاشلا «ئەھمەدخان»، «مەھمۇدخان» دەپ چاقىرىلىدىكەن. قېنى ئېيتىڭچۇ، سىز ئۆزىڭىز بۇ «خان»لارنىڭ قايسى تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولىسىز؟

ئۆزىنىڭ مىللىي غورۇرى ۋە كىشىلىك ئىززىتىنى بەكمۇ قەدىرلەيدىغان مەھمۇد ھېكىمبەگ بە دۆلەتنىڭ يۈز ـ خاتىرىسى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي:

— كەمىنەلىرى ئۇلۇغ ئوغۇزخان، سۇتۇق بوغراخان، سەئىد ئارسلانخانلار تەبىقىسىدىن بولىمىز تەقسىر! — دەپ جاۋاب قايتۇرىدۇ.

سۆھبەت مەيدانى خۇددى قايناۋاتقان قازانغا سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك جىمجىتلىققا چۆكىدۇ. ئۆز چاقچىقىنىڭ مۇنداق نەتىجە بېرىشىنى كۈتمىگەن بە دۆلەت ئۆزىنىڭ بالا بەچچى بولۇپ، چايخانىلاردا ئۇسسۇل ئويناپ يۈرگەن تارىخىي پاش بولۇپ قالغاندەك، بەكمۇ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قېلىپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت توشماي تۇرۇپلا، بۇ يەردىن يۈرۈپ كېتىدۇ.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: «قەشقەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى)

(بېشى 53 ـ بەتتە)

مەتكارلىق سۈپىتىم بىلەن باشتىن ـ ئاياق ئۇنىڭ يېنىدا يۈردۈم. تۇرپان كونىشەھەردىن تارتىپ يېڭىشەھەرگىچە سوزۇلغان چوڭ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا تىزىلىپ تۇرغان خەلق ئۇنى تەبرىكلىدى. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن زېڭ ۋېنۋۇ ئۆزىنىڭ يۇرۇش ـ تۇرۇشىنى ئىسلام دىنىي قائىدىلىرى ئىزىغا سېلىپ، كىيىنىش، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتلىرىدە ئۇيغۇرلارغا ئوخشاش ئۆتتى.

(«شىنجاڭ ۋېنسى» ژۇرنىلىنىڭ 1992 ـ يىل سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

ئەخمەت ياۋى تەرجىمىسى

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: شى ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى)

# قەيس مازىرى

ئابلىز ئىسمايىل

تاڭ سۇلالىسىنىڭ چېڭگۇەن 9 - يىلى (مىلادى 635 - يىلى) ئەرەبىستاندىن قەيس، ئۇۋەيس، سەدىۋاققاستىن ئىبارەت ئۈچ نەپەر ساھابە مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ جۇڭگوغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن ۋە چاڭئەندە تاڭ تەيزۇڭنىڭ قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولغان. ئېيتىلىشىچە ئۇلار چاڭئەنگە كېلىشتە دېڭىز يولى بىلەن قايتىشتا قۇرۇقلۇق بىلەن قايتماقچى بولغان.

ئۇلار گۇاڭدۇڭغا كەلگەندىن كېيىن، سەدىۋاققاس گۇاڭجۇدا ۋاپات بولغان، قايتىش سەپىرىدە ئۇۋەيس گەنسۇ جوچۈەنگە قاراشلىق خۇيخۇيپۇغا كەلگەندە كېسەل بولۇپ ۋاپات بولغان؛ قەبرىسى ھازىر مۇشۇ يەردە بار. قەيس قۇمۇلنىڭ شىڭشىڭشا دېگەن ئۆتىڭىدە ۋاپات بولغان. كېيىن تەخمىنەن مىلادى 1700 - يىللىرى قۇمۇل ۋاڭلىرىدىن بىرى قەيسنىڭ قەبرىسىنى تېپىپ، گۈمبەز قوپۇرۇپ مازىرىنى تىكلىگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ قەيس «شىڭشىڭشا غوجام» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. 1939 - يىللىرىغا كەلگەندە، ئەينى چاغدا شېڭشىڭشادا تۇرۇۋاتقان سوۋېت سودا خادىملىرى قەيس گۈمبىزىنى مۇنچا قىلىۋالغاندا، شىڭشىڭشا گۇڭئەن پەيچوسىدا ئىشلەيدىغان مۇسۇلمان ساقچىلاردىن مۇچۇڭ، ھەسەن ئىككىيلەن جەسەتنى يوشۇرۇلچە يۆتكەپ قوغداپ قالغان.

1945 - يىلى قۇمۇل مەمۇرىي ۋە ھەربىي ئەمەلدارلىرى قەيسنىڭ قەبرىسىنى قۇمۇل شەھرىگە يۆتكەش توغرىسىدىكى ئاممىنىڭ تەلىپىنى قوللاپ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلغان. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەستىقلىغاندىن كېيىن، قەيس غوجام قەبرىسىنى يۆتكەش ھەيئىتى قۇرۇلغان. 1945 - يىلى 6 - ئاينىڭ 29 - كۈنى قەبرە يۆتكەش ھەيئىتى مەسئۇللىرىدىن سەيجەنگو، نامان قازى ئاخۇنۇم، ماجۇبجە قاتارلىق كىشىلەر 20 نەچچە كىشىنى باشلاپ شىڭشىڭشاغا ماڭدى. 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى قەيس غوجامنىڭ جەستى سېلىنغان ئاپتوبوبىل شەھەرگە يېقىنلاشقاندا، تاۋاپ قىلغۇچى ئاممىنىڭ كۆپلىكىدىن ماشىنا ئاقىيا مەسچىتتە كەچكىچە تۇرۇپ قالدى، كەچقۇرۇن شەنشى مەسچىتكە، ئەتىسى شۇيجو مەسچىتكە يۆتكەپ كېلىندى. ۋاپات بولغىلى 1300 - يىلدىن ئارتۇق بولغان بۇ ئەۋلىيانىڭ جەستى ئالتە چىدىن ئۇزۇن بولۇپ، كۆكرەك قىسمى، باش ۋە ساقىلى ئۆز پېتى تۇرغان، تېرىسى سۆڭەكتىن ئاجرالمىغانىدى. بۇ كارامەتكە ھەيران قالغانلىقتىن تاۋاپ قىلغۇچىلار سەلدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى، تاۋاپ قىلىش ئۈچ كېچە داۋاملاشقاندىن كېيىن، 7 - ئاينىڭ 4 - كۈنى شۇيجو مەسچىتتە تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مۇراسىمغا قۇمۇلدىكى گومىنداڭ ھەربىي 29 - تۇەنىنىڭ تۇەنجاڭى لې تېجۈن رىياسەتچىلىك قىلدى. ۋۇجۇڭشىنىڭ تەزىيە تېلېگرام-

مىسى ئوقۇلدى. ئامان قازى ئاخۇنۇم نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن تاۋۇت ئېلىپ مېڭىلدى. تاۋۇت ئىنتايىن كاتتا، ھەيۋەتلىك بىزەلگەن بولۇپ، 24 ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭىدىغان جوغا ئوخشاش ياسالغانىدى. تۆت يورغا ئاتقا 30 پارچە كالامۇللا ئارتىلغان بولۇپ، سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۆت ئادەم ئاتلارنى يېتىلەپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن نەچچە يۈزلىگەن ئۇيغۇر، خۇيزۇ ۋە باشقا مىللەت مۇسۇلمانلىرىدىن بولغان ئاخۇن، موللا، قارىلار قۇرئان ئوقۇپ، مۇناجات ۋە ھۆكمەت ئېيتىپ ماڭدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تاۋۇتنى 24 كىشى كۆتۈرۈپ (نۆۋەتلىشىپ، تالىشىپ كۆتۈرۈپ) ماڭدى. تاۋۇت كەينىدىن ماڭغان ئاممە ناھايىتى زور بىر قوشۇننى ھاسىل قىلىپ، كوچا يوللارغا سىغماي كېتىپ باراتتى. ئالدىدىكىلەر چارباغ مەھەللە يېنىدىكى قەبرىگاھلىققا يېتىپ كەلگەندە كەينىدىكى ئاممە تېخى شۇيجۇ مەسچىتىدىن مېڭىپ كېتەلمىگەنىدى. تۇپراق بېشىدا مەخسۇس تەيىنلەنگەن 20 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر، خۇيزۇ موللىلار جەسەتنى لەھەتكە قويدى.

قەيس غوجامنىڭ قەبرىسى يۆتكەلگەندىن كېيىن، ئابدۇلباقى ھاجى مەسئۇللىقىدا كۆركەم بىر گۈمبەز ياسالدى، شۇنىڭدىن باشلاپ قەيس مازار كىشىلەر تاۋاپ قىلىدىغان مەشھۇر زىيارەتگاھقا ئايلاندى. ئازادلىقتىن كېيىن بۇ جاي مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى قوغداش ئورۇنلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت شۆيۈەنى)

دانالار ھېكمەتلىرىدىن

كىشىلەر دوستلۇقى ئۈچۈن بولمىسا، دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدىن يەنە قانداق مەقسەت بولسۇن.

— ئابدۇراخمان جامى

بىرەر دوستى بولمىغان كىشى مەرۋايىتسىز چىغناق (قۇلۇلە قېپى) غا ئوخشايدۇ.

— ئەلىشىر ناۋائىي

گۈلنى ئالتۇن جام ئارا قويسا قەدەھتە جىلۋىگەر،
تەبئىي خاھىش ئەيلىگەي ئۇنىڭەن يېرىنىڭ تۇپرىقىن.
— ئەلىشىر ناۋائىي



# قەشقەر «يېڭىشەھەر»نىڭ پەيدا بولۇش تارىخى

ئابلەت ئابباس قۇربانى

1760 - يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا تىنچلىق ئورناتقاندىن كېيىن، چىڭ ئوردىسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن قەمەلدار ۋە ئەمەلدار مەنسەپدارلار بىلەن چېرىكلەرنىڭ تۇرۇشى ئۈچۈن قەدىمكى شەھەر قەشقەرنىڭ غەربىدىكى گۈلباققا بىر قەلئە ياساتقان ۋە ئۇنىڭغا «لەيىنىڭ چېڭ» دەپ نام بەرگەن. لەيىنىڭ قەلئەسىنىڭ سېپىلى يۇملاق بولغاچقا ئۇيغۇرلار ئۇنى «يۇمىلاق شەھەر» دەپ ئاتىغان (قەلئەنىڭ ئورنى ھازىرمۇ شۇنداق دەپ ئاتىلىدۇ). 1827 - يىلى يۈز بەرگەن جاھانگىر خوجا يېغىلىقىدا يۇملاق شەھەر قەلئەسى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، كېيىنكى يىلى ئىلى جاڭجۈنى چاڭ لىڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىدىكى پايناپ دېگەن جايدا يېڭى بىر قەلئە قۇرۇلۇشى باشلانغان، بىراق ئۇزاق ئۆتمەي ئىش توختىتىلغان. بۇ ھەقتە ئەل ئىچىدە مۇنداق بىر ۋەقە ھېلىمۇ ھېكايە قىلىنىپ كەلمەكتە:

پايناپتا يېڭى قەلئە قۇرۇلۇشىنىڭ باشلىنىپ كېتىشى قەشقەرنىڭ بىر بۆلۈك ئۆلىمالىرىنى تەمتىرىتىپ قويىدۇ، چۈنكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇبارەك جەسىتى شۇ جايغا دەپنە قىلىنغانىدى. ئۇلار قانداق قىلىپ «كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان، زىقمۇ كۆيمەيدىغان» بىر چارە بىلەن قەلئە ئورنىنى يۆتكىتىپ تاشلاپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەقبەرىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ ۋە ئاخىرى پاختەكلى يېزىسىدىن بىر تاغار يىلان تۇتقۇزۇپ كەپتۇ - دە، پەيتىنى پايلاپ تۇرۇپ، بىر كۈنى ئەتىگەن تاڭ يورۇشتىن بۇرۇن سېپىل ئۇلى بىرگەزچە ئېگىزلەپ قالغان كەلگۈسى قەلئە ئىچىگە تۆكۈۋېتىپتۇ. تاڭ ئاتقاندا قەشقەردىكى قەلەمدار ۋە ئەلەمدارلارنىڭ ئۇلۇغى بولغان تۆڭ دارىن مەسلىھەتچىلىرى بىلەن كېلىپ سېپىل ئۇلى ئۈستىدە قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، مەغرۇر قەدەملەر بىلەن، ئۇياق - بۇياقتا مېڭىپ يۈرگەندە، سېپىل ئىچىدە لۆمشۈپ يۈرگەن يىلانلارنى كۆرۈپ چۆچۈپ كېتىپتۇ ۋە دەرھال قەشقەر كاتتىلىرى بىلەن ئۆلىمالىرىنى چاقىرتىپ كېلىپ مەسلىھەت سوراپتۇ. قەشقەر ئۆلىمالىرىدىن ئەل نەزەر ئاخۇنۇم دەپتۇكى: «يىلان — ئەجدىھا ئائىلىسىگە مەنسۇپتۇر، ئەجدىھا بولسا جانابىلىرىنىڭ ئەجدادى ئۇلۇغلاپ كەلگەن مۇقەددەس مەخلۇق. بۇ يەردە يىلانلارنىڭ قوزغىلىپ كېتىشى ئەجدادلىرىنىڭ روھى قوزغىلىپ كەتكەنلىكىنىڭ، يەنى بۇ جاينى جانابىلىرىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى مەقبۇل كۆرمىگەنلىكىنىڭ بىشارىتىدۇر. شۇڭا ئەجدادلىرىنىڭ روھى ئۈچۈن قان قىلماق، قەلئە ئۈچۈن باشقا جاينى تاللىماق لازىم.» ئەل نەزەر ئاخۇنۇمنىڭ سۆزىنى ئۆلىمالار بىردەك تەستىقلاپتۇ. تۆڭ دارىن مەسلىھەتچىلىرى بىلەن ئۆلىمالارنىڭ پىكرى بىر يەردىن چىققانلىقىنى كۆرگەن تۆڭ

دارىن قەلئە قورۇلۇشىنى توختىتىشقا بۇيرۇق چۈشۈرۈپتۇ ۋە ئاخىرى قەشقەر شەھىرىنىڭ توققۇز كىلومېتىر شەرقى جەنۇبىدىكى هازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيە بازىرىنىڭ ئورنىنى قەلئە سېلىشقا مۇۋاپىق كۆرۈپتۇ. شۇنداق قىلىپ قەلئە پۈتكەندىن كېيىن، ئىچىگە ھەشەمەتلىك يامۇل ـ گازارما، ئاشلىق ئىسكىلات ـ بۇتخانىلارنى سالدۇرغان. قەلئە ئەتراپىغا باتۇڭ (سەككىز مەھەللە) تەسىس قىلىنىپ لەشكىرى دېھقانچىلىق يولغا قويۇلغان. قەلئەگە ئەينى چاغدا ئەمىنلىكنىڭ ئەسلىگە كەلگەنلىكى مەنىسىدە «فۇيۈەن» دەپ نام بېرىلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلار ئۇنى «يېڭىشەھەر» دەپ ئاتىغان.

يېڭىشەھەرنىڭ «سۇلې» دەپ ئاتىلىشىغا كەلسەك، مىلادىدىن بۇرۇن غەربىي رايوندا 36 دۆلەت بولغان. ئۇلارنىڭ بىرى هازىرقى قەشقەر شەھىرىنى پايتەخت قىلىپ سۇلې دۆلىتى دەپ ئاتىلاتتى.

1884 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدا ئۆلكە تەسىس قىلغاندا هازىرقى يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىۋاسىتە قاراشلىق ئايماق تەسىس قىلىنىپ، «سۇلې» دەپ ئاتالغان. شۇنىڭدىن بېرى يېڭىشەھەر ئايمىقى 1902 ـ يىلى يېڭىشەھەر مەھكىمىسىگە 1913 ـ يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىسىگە ئۆزگەرتىلگەندىمۇ «سۇلې» دېگەن نامئۆزگەرتىلمەي داۋاملاشتۇرۇلۇپ قېلىندى.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ ـ جۇغراپىيە تەزكىرە ئىشخانىسى)

---

دانالار ھېكمەتلىرىدىن

سېنى ماختاپ، باشقىلارنى يامانلىغانلارنىڭ سۆزىنى زادى ئاڭلىما.

— ل. تولستوي

ئارتۇقچە ماختاشنى مەن ئوغا (زەھەر) دەپ بىلىمەن.

— ئاكرىلو

پەقەت پەسكەش ئادەملەرلا ئالدىڭدا ماختاپ، ئارقاڭدا غەيۋەت قىلىدۇ.

— پىفاگور

يەتتە باشلىق يالماۋۇزدىن ئەمەس، تىلى تاتلىق ئالدامچىدىن قورق.

— خابۇس



## رابىيە - سەئىدىن ۋە «قوشماق مازار»

ئابلەت ئابباس قۇربانى

قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسىنىڭ يامانيار يېزا سۇبھاناللا كەنتىدە كىشىلەر بىر يېرىم ئەسىردىن بۇيان زىيارەت قىلىش ۋە خاتىرىلەشنى تەرك ئەتمەي داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان «قوشماق مازار» نامى بىلەن مەشھۇر بولغان بىر مەقبەرە بار. ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك ئورنى شىمالىي پاراللېل 39°22′، شەرقىي مېرىدىئان 76°17′ دا بولۇپ، بۇ مەقبەرە XIX ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋاسى مۇتەپەككۇر شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ تراگېدىيىلىك داستانى «رابىيە - سەئىدىن» نىڭ باش قەھرىمانلىرى رابىيە بىلەن سەئىدىننىڭ مەقبەرىسىدۇر. مەلۇمات ۋە پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى چاغدىكى سۇبھاناللا كەنتى تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ بويىدىكى سۈيى ئەلۋەك، يېرى مۇنبەت گۈزەل بوستانلىق جاي بولۇپ (تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ ئېقىنى كېيىنچە ئۆزگىرىپ كەتكەن). رابىيە شۇ كەنتتىكى يەر، سۇ ئىگىسى ياقۇپباي ئائىلىسىدە، سەئىدىن بولسا كەمبەغەل دېھقان ئىبراھىم ئاخۇن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇلار كىچىكىدىنلا بىللە ئويناپ، بىللە ئۆسكەن. ئىپتىدائىي دىنىي مەكتەپتە بىللە ئوقۇپ چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقان. ئۇلار يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ۋە قىيامەتلىك جۈپ بولۇشقا ئەھدى قىلىشقان. ئۇلارنىڭ پاك مۇھەببىتىدىن خەۋەر تاپقان ئىبراھىم ئاخۇن ئۇلارنى مۇرادىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ياقۇپباينىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىرگۈزگەندە، ياقۇپباي تەرىپىدىن رەت قىلىنغان. ياقۇپباي قىزى رابىيەنى ئۆز كەنتىگە تەۋە بولغان بايتوقاي بەگلىكىنىڭ زالىم بېگى جابىرغا بەرمەكچى بولغان. سەئىدىن مەشۇقى رابىيەنىڭ پىراقىدا مەجنۇن بولۇپ، رابىيەنىڭ ئىسمىنى زىكرى قىلغان ھالدا ئالەمدىن ئۆتكەن. ياقۇپباي ئاخىر رابىيەنى جابىرغا ياتلىق قىلغان. ئەھدى - پەيمانىغا ماس ھالدا جابىرغا قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتقۇزمىغان رابىيە ئۆز ئۆيىگە قېچىپ كېلىپ، سىڭلىسى بىلەن سۇ ئېلىپ كېلىشنى باھانە قىلىپ ئاشىقى سەئىدىننىڭ تۇپراق بېشىغا بېرىپ، ئىچىدىكى ھەسرەت - پىغانلىرىنى تۆكۈپ، ئامراق سىڭلىسىنى باغرىغا بېسىپ خوشلىشىپ، ئارقىدىن «سەئىدىن مەن ھازىرلا يېنىڭىزغا بارىمەن» دەپ، ۋارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ بېرىپ، قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدىن ئېقىپ ئۆتىدىغان تەلۋىچۇك دەرياسىنىڭ كاچكۇلىغا ئۆزىنى تاشلىغان. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر يىغا - زارە قىلىشىپ پالتا، كەكە، كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى ئېلىپ كېلىپ، دەريانىڭ مۇزىنى چېقىپ رابىيەنى ئىزدىگەن بولسىمۇ، تاپالمىغان. ياندۇرقى يىلى يەنى مىلادى 1834 - يىلى ئەتىيازدا مۇزلار ئېرىپ، توك كۆتۈرۈلگەندە رابىيەنىڭ جەسىتى سەئىدىننىڭ قەبرىسىگە يېقىنلا بىر لايلاتمىدىن تېپىلغان. يۇرتتىكىلەر مەسلىھەتلىشىپ: «بۇلار ھايات ۋاقتىدا بىر - بىرىگە قوشۇلالمىدى، ئەمدى روھى بىر يەردە بولسۇن» دېيىشىپ، گۈزەل رابىيەنىڭ

جەسەتنى سەئىدىنىڭ قەبرىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىپ بىر جۈپ قەبرە ياسىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇلارنىڭ مەقبەرىسى «قوشماق مازار» دەپ ئاتالغان.

قەبرە ياسىلىپ بىر يىلدىن كېيىن، ئىككى قەبرە ئوتتۇرىسىدىن ئىككى تۈپ يۇلغۇن ئۈنۈپ چىقىپ، شاخ ـ چاتاقلىرى بىر ـ بىرىگە چىرمىشىپ باراخسان ئۆسكەن؛ ياندۇرقى يىلى بىر تۈپى قىزىل، بىر تۈپى ئاق چېچەكلىگەن. باراخسان ئۆسكەن بۇ ئىككى تۈپ يۇلغۇننىڭ شاخ ـ چاتاقلىرى بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، ئاق قىزىل چېچەكلەر گويا بىر تۈپ يۇلغۇندا ئېچىلغان ئىككى خىل چېچەكتەك كۆرۈنگەن. شۇڭا يەرلىك كىشىلەر بۇ مازارنى «چاتاق مازار» دەپمۇ ئاتىغان (هازىر يۇقىرىقى ئىككى ئىسىم تەڭ قوللىنىلىدۇ ھەمدە رابىيە ـ سەئىدىن مەقبەرىسى جايلاشقان مەھەللە «چاتاق مازار مەھەللىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.) ئەنە شۇ چاغدىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە بۇ يۇرت خەلقى «قوشماق مازار»نى زىيارەت قىلىپ، رابىيە ـ سەئىدىننى خاتىرىلەشنى زىنھار تەرك ئەتمەي داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن.

ھەر يىلى يۇلغۇن چېچەكلىگەن مەۋسۇمدا يىراق ـ يېقىندىكى كىشىلەر بۇ يەرگە زىيارەتكە كېلىشىدۇ. ياشانغان مويسىپىتلار رابىيە ـ سەئىدىن روھىغا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلسا، ياشلار يۇلغۇنغا سۇ قۇيۇپ، مەقبەرىنى سۈپۈرىدۇ. قىزىل چېچەكنى رابىيەنىڭ، ئاق چېچەكنى سەئىدىننىڭ سىمۋولى قىلغان ھالدا، يۇلغۇن شاخلىرىنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ، مەرسىيە قوشاقلىرىنى ئوقۇشىدۇ.

ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق ۋاقتىدا رابىيە بىلەن سەئىدىن «فېئودالىزمنىڭ ئاشىق ـ مەشۇقلىرى» دەپ ئاتىلىپ، خەلقىنىڭ ئۇلارنى خاتىرىلەش پائالىيىتى «تۆت كونىلىق» سانىلىپ، مەقبەرە چېقىپ تاشلاندى. زىيارەت قىلىش، خاتىرىلەش پائالىيەتلىرى مەنئى قىلىندى. يۇلغۇنمۇ ئاساسەن قۇرۇپ كەتتى. ئاپەتلىك يىللارغا خاتىمە بېرىلگەندىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىشى نەتىجىسىدە يۇلغۇن يېڭىباشتىن كۆكلىدى، چېچەكلىدى. 1985 ـ يىلى يېڭىشەھەر ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مەبلەغ ئاجرىتىپ «قوشماق مازار» نى ئەسلىگە كەلتۈردى ھەمدە ئۇنى ناھىيە دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان مەدەنىي يادىكارلىق ئورنى دەپ بېكىتتى.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىلىك پارتكوم تارىخ ـ جۇغراپىيە تەزكىرە ئىشخانىسى)



# قۇمۇل قوغۇنى خانبالىقتا①

## سەمەت ئەسرا

قوغۇننىڭ ئانا ماكانى ئوتتۇرا ئاسىيا، شىنجاڭ دائىرىسى بولۇپ، قوغۇننىڭ نامىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تۈپ تاۋۇش (فونېما)نى يوقاتمىغان ھالدا، ئۆز تىللىرىغا بويسۇندۇرۇپ ئاتاپ كەلگەن. مەسىلەن: تۈركلەر «قاۋۇن»، تۈركمەنلەر «كاۋۇن»، ئۆزبېكلەر «قوۋۇن»، ئەزەربەيجان ۋە ئەرمەنلەر «كوۋۇن»، قازاقلار «قوۋۇن»، ئۇيغۇرلار «قوغۇن» (قۇمۇلدا غونمۇ دەپ ئاتىلىدۇ)، خەنزۇلار قوغۇننى «خامى گۇا» (قۇمۇل قوغۇنى) دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتايدۇ.

قۇمۇل ــ قوغۇننىڭ ئانا ماكانلىرىدىن بىرى. قوغۇننىڭ قۇمۇل دىيارىدا ئۆستۈرۈلۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا قانچە يىللار بولغانلىقى توغرىسىدا بىر نەرسە دېيىش تەس. شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن لىفاڭ يازغان «ئامانلىق تەپسىلىي خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسەردە مۇنداق دېيىلگەن: «خەن سۇلالىسى پادىشاھى خەنۋۇدىنىڭ گۈزەل خانىشى قوغۇن يەپ چۈش كۆرگەن، پادىشاھ قوشنا ئەللەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ قوغۇن ئىزلىگەن. شۇ ۋاقىتتا دۈنخاڭدا قوغۇن تېرىلىدىغان بولۇپ، ئۇ «چولۇڭ» دەپ ئاتالغان. «چولۇڭ» دېگەن سۆز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قوغۇننىڭ ھەر خىل تىللاردىكى ئاتىلىشى بىلەن ئاھاڭ جەھەتتىن ئوخشاش كېلىدۇ. ئەينى يىللاردىكى دۈنخاڭ قۇمۇل رايونىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. چۈنكى ئۇ چاغلاردا قۇمۇل ھەربىي باشقۇرۇش جەھەتتە دۈنخاڭغا قارايتتى. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «دۈنخاڭ ــ ئىۋىرغول (ئۇيغۇر غول) ئايماقلىرىنىڭ يەرلىك تەزكىرىسى»دە «غەربىي رايوننىڭ باغۋەنچىلىك ئىشلىرى ناھايىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، ئۈزۈم، قوغۇن، شاپتۇل، نەشپۈت قاتارلىق مېۋىلەر كۆپ چىقىدۇ» دېيىلگەن. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇلغا كەلگەن ئاتاقلىق سەيياھ ماركوپولومۇ قۇمۇل قوغۇنىنى ئالاھىدە ماختاپ كەتكەن. «شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى»، چىڭ سۇلالىسى شۈەنتۇڭ يىللىرىدا يېزىلغان «قۇمۇلغا قاراشلىق يېزىلارنىڭ يەرلىك تەزكىرىسى»، چەنلۇڭ يىللىرى يېزىلغان «سۇجۇنىڭ يېڭى تەزكىرىسى»، داۋگاڭ يىللىرىدا يېزىلغان «قۇمۇل تەزكىرىسى»، سۇڭ باۋلۇ يازغان «قۇمۇل قوغۇنىنى يېگەندە» قاتارلىق مەنبەلەردە قۇمۇل قوغۇننىڭ ئالاھىدىلىكى ھەققىدە كۆپلىگەن مەلۇماتلار يېزىپ قالدۇرۇلغان. يۇقىرىدىكى پاكىتلار قوغۇننىڭ قۇمۇل رايونىدا ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ناھايىتى ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ شۆھرىتى ئاللىقاچان ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقالغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

قۇمۇل قوغۇننىڭ ئېسىل سوۋغات سۈپىتىدە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە نام قازانغان ۋاقتى چىڭ سۇلالىسىنىڭ خانى كاڭشى زامانىسىدا بولغان. قۇمۇل قوغۇنى خانغا

① خانبالىق (خان تۇرىدىغان شەھەر) ــ ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ تۈركىي تىلىدىكى يازما خاتىرىلەردە زىكىر قىلىنغان بىر نامى.

ناھايىتى بىر پەۋقۇلئاددە شارائىتتا تارتۇق قىلىنغان. يۇقىرىقى مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەينى چاغدا يۈز بەرگەن تارىخىي ۋەقەلەرنى ئەسلەشكە توغرا كېلىدۇ. 17 – ئەسىرنىڭ 40 – يىللىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە لى زىچېڭ باشچىلىقىدا قوزغىلاڭ بولۇپ، مىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى. لېكىن بۇ غەلىبىنىڭ مېۋىسىنى مانجۇ ئاقسۆڭەكلىرى تارتىۋېلىپ، 1644 – يىلى بېيجىڭنى ئىشغال قىلىش بىلەن چىڭ سۇلالىسىنى قۇردى. 1653 – يىللىرى شىنجاڭنى مەركەز قىلغان ھالدا جۇڭغارلار كۈچەيدى. ئۇلارنىڭ خۇڭتەيجى ئاتلىق خانى بىر قاتار ئىچكى – تاشقى سىياسەتلەرنى يۈرگۈزۈپ ئۆزىنى تېخىمۇ قۇدرەت تاپقۇزۇش بىلەن سىرتقا قارىتا كېڭەيمىچىلىك قىلىپ، قازاق داللىرى، شەرقتە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بويلىرىغىچە ھۇجۇم قىلىشقا ئۇرۇندى. بۇنداق ۋەزىيەت قۇمۇل رايونىغىمۇ چوڭ تەسىر كۆرسەتتى. جۇڭغارلارنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى تۇرۇۋاتقان قۇمۇل بېگى مۇھەممەت شاھ غازى 1668 – يىلى ئۇرۇشتا يارىلىنىپ ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ئوغلى ئەبەيدۇللابەگ جۇڭغارلارغا قارشى ئۇرۇشنى داۋاملاشتۇرغان بولسىمۇ تەڭ كېلەلمىدى. غالدان 1671 – يىللار ئەتراپىدا قۇمۇلغا بىر قانچە قېتىم ھەربىي يۈرۈش قىلدى. ئەبەيدۇللامۇ ئامالسىز غالدان خانغا بويسۇنۇپ، جۇڭغارلارغا ۋەكالىتەن قۇمۇلنى سورايدۇ. چۈنكى جۇڭغارلار جەنۇبىي شىنجاڭنىمۇ بېسىۋېلىپ ئاپپاق خوجىغا ئوخشاش كىشىلەر ئارقىلىق ھەرقايسى جايلارنى كونترول قىلىپ تۇرغانىدى. 1696 – يىلى چىڭ سۇلالىسى غالداننى مەغلۇپ قىلدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ئەبەيدۇللا بەگ قۇمۇلغا ئاشلىق بۇلىغىلى كەلگەن غالداننىڭ ئوغلى سېپتەن بالجۇرنى تىرىك تۇتۇپ، كاڭشى خانغا ئەۋەتىپ بېرىش بىلەن چىڭ خانلىقىغا بېقىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەبەيدۇللا بەگنىڭ بۇ ئىشىدىن خۇرسەن بولغان كاڭشى خان ئەبەيدۇللا بەگنى خانبالىققا تەكلىپ قىلىدۇ. ئەبەيدۇللا بەگ ئۆزىنىڭ ساداقىتىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كۆپلىگەن سوۋغاتلار بىلەن بىللە قوغۇن ۋە قوغۇن قېقىنىمۇ خانغا تەقدىم قىلىدۇ. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «ئۇيغۇرلار يۇرتى تەرىپنامىسى» دە «كاڭشى يىللىرى قۇمۇل ۋاڭى ئەل بولدى، شۇنىڭدىن باشلاپ، قوغۇن ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ كېلىنىشكە باشلىدى ۋە قۇمۇل قوغۇنى ئۆزئارا ھەدىيە قىلىنىدىغان ئېسىل سوۋغات بولۇپ قالدى» دەپ يېزىلغان. قۇمۇلدىكى پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، شەھەر ئەتراپى، قارا دۆۋە، راھەتباغ، بوغاز ئاتارلىق جايلاردا خانغا تارتۇق قىلىدىغان قوغۇنلارنى تېرىيدىغان مەخسۇس يەرلەر بولغان. داۋگاڭ يىللىرىدا يېزىلغان «قۇمۇل تەزكىرىسى» دە «قۇمۇل شەھىرىنىڭ شىمالىدا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كۆشۈتىدىن ئېقىپ كەلگەن سۇ قارائۆيگە كەلگەندە سىڭىپ كېتىپ، ئوتلاقلىق بىر كۆلدىن چىقىدۇ. ئۇ جاينى سۇ بېشى دەپ ئاتايدۇ. بۇ سۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ غەربىنى كېسىپ ئۆتۈپ بوغازغا بارىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بىر تارمىقى ئالتۇنلۇق ئارقىلىق ئاقىدۇ، دەل مۇشۇ جايدا خانغا تارتۇق قىلىنىدىغان قوغۇنلار تېرىلىدىكەن» دەپ خاتىرىلەنگەن.

خانغا سوۋغا قىلىدىغان قوغۇن توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ پىكرى ئوخشاشمايدۇ. بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنى پىچاننىڭ دېيىشىدۇ. بۇلارنىڭ ئاساسى لۈكچۈن ۋاڭ قۇمۇل ۋاڭلىقىغا تەۋە بولغاچقا، لۈكچۈن ۋاڭ سوۋغا قىلغان قوغۇننى قۇمۇل ۋاڭ مانجۇ خانغا سوۋغا قىلغان دېگەنلىكتىن ئىبارەت. بىز بۇ يەردە شۇنىڭغا دىققەت قىلىشىمىز لازىمكى،

ئەبەيدۇللا بەگ خانغا قوغۇن سوۋغات قىلىشنىڭ ئالدىدا، قۇمۇل، پىچانلاردا ۋاڭلىق مەنسەپ مەۋجۇت ئەمەس ئىدى؛ ئۇ چاغلاردا ئۇرۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۆز يۇرتىنىمۇ تۈزۈك باشقۇرالمايۋاتقان قۇمۇل بېگى پىچاننى باشقۇرۇشقا ئامالسىز ئىدى.

بىز قۇمۇل رايونىنى ئەتراپلىق تەكشۈرۈپ ۋە تارىخىي مەنبەلەرگە بىرلەشتۈرۈپ، خانغا سوۋغا قىلىنغان قوغۇنلارنىڭ قۇمۇلدىن بارغانلىقىنى، ئۇ قوغۇنلارنىڭ ناملىرى ۋە خانبالىققا ئاپىرىلىش جەريانلىرىنى ئېنىقلاپ چىقتۇق. قۇمۇلدىكى ئاتاقلىق جامائەت ئەربابى 104 ياشلىق ئابدۇۋاھىت ئەلەم ئاخۇنۇم، تارىخچى ئاق بەگ قاتارلىق پېشقەدەم كىشىلەرنىڭ ئىسپات بېرىشىچە، قۇمۇل رايونىدا قەدىم ـ قەدىمدىن تارتىپ قوغۇنچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ھەمدە ئوردا قوغۇنچىسى دەپ ئاتالغان مەشھۇر قوغۇنچى كىلەر ئىبراھىم، قوغۇنچى پۆكەنىياز، قوغۇنچى روزى، قوغۇنچى غوجامنىياز قاتارلىق قوغۇنچىلار ئۆتكەن. قەدىمدىنلا بۇ كىشىلەرنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قوغۇن ساقلاش ئۇسۇلى بىر قانچە خىل بولۇپ، ناھايىتى ئۈنۈملۈك ئىكەن. مۇشۇ قوغۇنچىلار ـ دىن بىرسىنىڭ بوۋىسىدىن ئاڭلىغان رىۋايىتىگە قارىغاندا، ئەبەيدۇللا تارخان بەگ قوغۇننى خانبالىققا ئۆز يېتى، ئۆز تەمى بىلەن قانداق ئاپىرىش ھەققىدە كېڭەش ئۆتكۈزگەن، ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ قوغۇنچىلىق قىلىدىغان بىر مويسىپىت كىشى «قوغۇننى ھەسەل ئىچىدە ساقلىسا ناھايىتى ئۇزاققىچە ئۆز تەمى بىلەن ساقلىنىدۇ» دەپ مەسلىھەت بەرگەن. ئەبەيدۇللا تارخان بەگنىڭ بۇيرۇقى بويىچە يېتەر ـ لىك ساندا كوزا ۋە ھەسەل تەييارلىنىپ، ھەسەل بىلەن تولدۇرۇلغان ھەر بىر كوزىغا بىردىن قوغۇن سېلىپ، كوزىنىڭ ئاغزى موملاپ تاشلانغان. ئەبەيدۇللا تارخان بەگ شۇ ئۇسۇل بىلەن قۇمۇل قوغۇنىنىڭ 18 خىل ئېسىل سورتىنى ئۈچ ئايدا خانبالىققا يەتكۈزۈپ بارغان. بۇ سورتلاردىن تاۋاچى، كەپەغۇن دېگەن ئىككى خىل سورت خانغا بەك ياراپ كەتكەن. چۈنكى بۇ ئىككى خىل قوغۇننىڭ تەمى ئالاھىدە تاتلىق بولۇش ـ تىن باشقا، ئۆزى كۆركەم، پۇرىقى شېرىن، گۆشى قېلىن ۋە ساقلاشقا ياخشى ئىدى. كاڭشى خان بۇ قوغۇنلارنى يەۋېتىپ يېنىدىكى ۋەزىرىدىن «ھەي بۇ بەك تاتلىق قوغۇنكەنغۇ، نەدىن كەلگەن» دەپ سورىغان، ۋەزىرى بۇنى «قۇمۇل ۋاڭى سىزگە ئالاھىدە تارتۇق قىلىپ كەلگەن ئېسىل قۇمۇل قوغۇنى» دەپ جاۋاب بەرگەن. قوغۇن ـ نىڭ تەمى ئاغزىدا قالغان كاڭشى قوغۇننى ناھايىتى ماختاپ كەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن خانغا قوغۇن سوۋغا قىلىشنى ھەرقايسى ۋاڭلار رەسمىي بىر قائىدە ـ تۈزۈم قىلىۋالغان. شۇنىڭدىن كېيىن، قۇمۇل رايونىدا تاۋاچى، كەپەغۇن تېرىلىدىغان مەخسۇس يەرلەر مەيدانغا كەلگەن. قوغۇنچىلار بۇ قوغۇنلارنى ھەر يىلى ھەسەل ئىچىدە ياكى باشقا ئۇسۇلدا ساقلاپ، ئەتىيازلىقى ئېتىز بېشىدا بىر ياقتىن تىلىپ يەپ، بىر ياقتىن ئۇرۇقىنى چوكا بىلەن بىر تال ـ بىر تالدىن يەرگە تېرىيدىكەن. بۇنداق قىلغاندا قوغۇنلارنىڭ نەسلى ئۆزگەرمەي تېخىمۇ تاتلىق پىشىدىكەن. بۇ تېخنىكا تاكى شامەخ ـ سۇت ۋاڭ دەۋرىگىچە داۋاملاشقان.

تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا، قوغۇننىڭ سورتى 180 خىلدىن ئارتۇق بولسىمۇ، بەزى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلى تاۋاچى، كەپەغۇندەك ئېسىل قوغۇن سورتلىرىنىڭ نەسلى يوقىلىپ، بۈگۈنكى كۈندە خەلق ئىچىدە بۇ قوغۇنلارنىڭ ناملا قالغان. بۇ، مىللىتىمىزنىڭ دېھقانچىلىق مەدەنىيىتىدىكى زور يوقىتىشتۇر.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: قۇمۇل ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى)

## ھاڭگىتېرەك ۋە ئۇنىڭدىن ياسىلىدىغان لازىمەتلىكلەر

### مۇھەممەت مۇسا

ھاڭگىتېرەك جەنۇبىي شىنجاڭدا ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ھازىر ئۇنىڭ نەسلى تۈگەپ كېتىش ئالدىدا تۇرماقتا.

ھاڭگىتېرەك سۇۋادان ۋە باشقا تېرەكلەردەك ئېگىز ئۆسمەيدۇ، پەقەت ئالتە - يەتتە مېتىر ئەتراپىدا ئۆسۈپ ئەتراپقا شاخلايدۇ. ئۇنىڭ غولى قاتتىق، قوۋزىقى قەغەزدەك ئاق بولۇپ، يويۇرمىقىنىڭ ئىككى يۈزى كۈمۈشتەك پارقىراپ تۇرىدۇ، بواۇپمۇ ئارقا يۈزى تۈكلۈك بولغاچقا، كۈن نۇرىدا جۇلالىنىپ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

ھاڭگىتېرەك ياغىچىنىڭ يىگى تولغاچ بولۇپ يېرىلىپ كەتمەيدۇ، ئاسان چېرىمەيدۇ. شۇڭا قەدىمدىن تارتىپ ئەجداتلىرىمىز ئۇنى كۆپلەپ ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ھەرخىل ئۆي جاھازلىرى ۋە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ پايدىلانغان.

ھاڭگىتېرەك ياغىچىدىن ياسىلىدىغان تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. خۇنچى ئاياق — ھاڭگىتېرەكنىڭ تازا ۋايىغا يېتىپ چوڭايغان غول قىسمىدىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى دۈگىلەك بولۇپ دىئامېترى 50سانتېمىتر ئەتراپىدا بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 4 سانتىمېتر كېلىدۇ. گىرۋەكلىرى چىرايلىق قىرىلىپ، ئۇنىڭغا ھەرخىل نەقىشلەر چېكىلگەن بولىدۇ. تېگى تەرەپ تۈز ياكى ئازراق پەللە چىقىرىلىدۇ.

خۇنچى ئاياقنى كىشىلەر لىگەننىڭ ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. خۇنچى ئاياقتا قىزىق تاماقلارنى ئۇسۇپ كۆتۈرۈپ ماڭغاندا قول كۆيمەيدۇ، ئىشلىتىشكە ئەپلىك.

2. ياغاچ كاساڭ (تەڭنە) — شەكلى دۈگىلەك بولۇپ، چوڭقۇرلۇقى 30 سانتېمىتر ئەتراپىدا بولىدۇ. گىرۋەكلىرى چىرايلىق ياسىلىپ نەقىش چېكىلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدا خېمىر يۇغۇرىدۇ، كۆكتات يۇيۇپ، تاماق ئېتىشقا ئىشلىتىدۇ.

3. ياغاچ ئاياق — دىئامېترى 10 سانتىمېتردىن 40 سانتىمېترغىچە. چوڭقۇرلۇقى 5 سانتىمېتردىن 12 سانتىمېترغىچە بولىدۇ (ياكى ئېھتىياجقا قاراپ ياسىلىدۇ). ئۇنىڭغا ھەرخىل سۇيۇق ۋە قويۇق تاماقلارنى ئۇسۇپ يېيىشكە بولىدۇ. قول ۋە ئېغىز كۆيمەيدۇ.

4. ياغاچ جام - دىيامېترى 10 — 15 سانتىمېتر، چوڭقۇرلۇقى ئېھتىياجغا ئاساسەن مۇۋاپىق ياسىلىدۇ. گىرۋەكلىرى چىرايلىق قىرىلغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدا ئېتىلگەن لازا، ئېچىتقۇ، ياكى تاتلىق - تۇرۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى ساقلاپ يەيدۇ، ئۇنىڭغا چىرايلىق ئېغىز ياسىلىپ، لازىم تېپىلغاندا يېپىپ قويۇلىدۇ.

5. ياغاچ ئىدىش (كۈپ) — دىئامېتىرى ماتېرىيال قىلىنىدىغان ياغاچنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى ياكى ئېھتىياجغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. چوڭقۇرلۇقى 40 — 80 سانتىمېتر

بولۇپ، سىرتى تۈز، سىلىق، يەرگە قويۇلىدىغان تەرىپى پۈتەي ۋە تەكشى كېلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ ئىچىگە گۈرۈچ، ماش، پۇرچاق، كۈنجۈت قاتارلىق چاشقان ئاسان يەپ كېتىدىغان نەرسىلەرنى سېلىپ ساقلايدۇ. ئىدىشنىڭ ياغىچى قاتتىق، چاشقان تېشەلمەيدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ھازىرقى چامادان ياكى ساندۇق ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. چەت تاغلىق رايونلاردىكى دېھقان - چارۋىچىلار ياغاچ ئىدىشنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقىچە ساقلاپ ھازىرغىچە ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

6. ياغاچ چۆمۈچ — ھاڭگىتېرەكنىڭ شاخچىلىرىدىن قىرىپ ياسىلىدۇ، ساپلىققا ئوخشاپ كېتىدۇ. سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، قازاندىن تاماق ئۇسۇشتا ئىشلىتىدۇ.

7. ياغاچ قوشۇق — ئۇنىڭ شەكلى ئۈچ تۈرلۈك بولۇپ، ئۇلار چۆچۈرە قوشۇق (ئۇچلۇق كېلىدۇ)، دۇتار قوشۇق (چوڭقۇرراق بولۇپ ئاش كۆپ پاتىدۇ)، يۇمىلاق قوشۇق (يايپاق كەڭرەك كېلىدۇ) لاردىن ئىبارەت. سېپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 20 سانتىمېتىر بولىدۇ. ياغاچ قوشۇق يېزىلاردا ھازىرمۇ كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ. مۇنداق قوشۇقلار ئۆرۈك، ئاموت، چىلان ياغاچلىرىدىنمۇ ياسىلىدۇ، بىراق بۇرۇن ھاڭگىتېرەكتىن ياسالغانلىرى ئىنتايىن كۆپ ئىدى.

8. ياغاچ كەپكۈر — ھاڭگىتېرەكنىڭ شاخچىلىرىدىن ياپىلاقلاپ سوقچاق، يىپىلاڭغۇ (گۈرجەك شەكلىدە ) ياسىلىدۇ. كاسا قىسمىدىن ئۇششاق تۆشۈكچىلەر ئېچىلغان بولۇپ، ساپ قىسمىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 — 70 سانتىمېتىر كېلىدۇ. چوڭ قازاندا پولۇ ئۆرۈش، تەڭشەش، لىگەنلەرگە ئاش ئۇسۇش ئىشلىرىدا ناھايىتى ئەپلىك بولغاچقا، كىشىلەر ھازىرمۇ توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا ئۇنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: يەكەن ناھىيىلىك خەلق رادىئو ئىستانسىسى)

---

دانالار ھېكمەتلىرىدىن

خۇشامەتچى — ئۆگىتىلگەن ھايۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ خەۋپلىكى.

— دىئوگېن

كىمكى خۇشامەتكە ئۇچسا، ھېمايىسىز قالىدۇ.

— ئا. گراف

سېركىگە قارىغاندا ھەسەلدە چىۋىن كۆپرەك ئۆلىدۇ.

— ژ. لاخونتېن

ئەگەر سىزنى ھېچكىم ياراتمىسا، ئىمانىڭىز كامىل بولسۇنكى گۇناھ ئۆزىڭىزدە.

— ف. رودرىج

# چارۋىچىلارنىڭ ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى

مۇھەممەت ھەسەن (قىرغىز)

قەدىمدىن تارتىپ تەڭرىتاغ ۋە كۇئېنلۇننىڭ كەڭ يايلاقلىرىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن قازاق، موڭغۇل، قىرغىز، تاجىك قاتارلىق خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇزۇن يىللىق كۆزىتىش ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن ھاۋارايىدىن مەلۇمات بېرىشنىڭ بىر قاتار ئۇسۇللىرىنى يەكۈنلەپ چىققان. تۆۋەندىكىلەر پەسىللىك، ئايلىق، كۈنلۈك ھاۋارايىنى مۆلچەرلەشنىڭ ئايرىم مىساللىرى:

ئەگەر تاغدا ياشايدىغان ئارقارلارنىڭ كۈيلەش ـ جۈپلىشىش ۋاقتى كېچىكىپ 10 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغا سۈرۈلۈپ كەتسە؛ كەكلىك كۈزدە ئالاھىدە سەمرىگەن بولسا؛ چاشقانلارنىڭ ئۇۋىسىغا يىغقان ئوزۇقلۇقى ئادەتتىكىدىن كۆپرەك بولسا: ئۇنداقتا بۇ يىل قىش ئۇزۇن بولىدۇ، ئەتىياز پەسلى سۈرۈلۈپ ياز كېچىكىپ كېلىدۇ. بۇنداق يىللىرى چارۋىچىلار قوشقارلارنى ساغلىقلارغا كېچىكتۈرۈپرەك قويۇپ بېرىدۇ.

ئايلىق ھاۋارايىدا، يېڭى ئاي چىققاندا، ئاينىڭ بىرىنچى، ئىككىنچى كۈنلىرى ئاينىڭ ئاسماندىكى تۇرۇش ھالىتى بەك تىك ياكى بەكرەك ياتقان ھالەتتە بولسا، يەنى ئاينىڭ چىقىشى ئادەتتىكىدىن سەل غەلىتىرەك بولسا، شۇ ئايدا شامال ـ بوران كۆپ ھەم قۇرغاقچىلىق بولىدۇ.

بىر كۈنلۈك ھاۋارايىدا، ئەگەر كەچتە كۈن پېتىۋاتقاندا قۇياشنىڭ ئەتراپى قىزىل بولسا، بۇ ياخشى ھاۋارايىنىڭ بىشارىتى بولۇپ، ئەتىسى ھاۋا ئوچۇق ۋە ئىللىق كۈن بولىدۇ. ئەتىگەندە قۇياش كۆتۈرۈلگەندە قۇياش ئەتراپى قىزىل بولسا، بۇ ناچار ھاۋارايىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، شۇ كۈنى يامغۇر يېشىنلىق ياكى شامال ـ بورانلىق بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئەتىگەندە كۈن قوتانلىسا (قۇياش ئەتراپىدا چەمبىرەك ھاسىل بولسا) شۇ كۈنى ئوخشاشلا قار ـ يامغۇر ياغىدۇ. ئاي قوتانلىسا بوران چىقىدۇ دەپ مۆلچەر قىلىنىدۇ.

ھەر قايسى جايلارنىڭ ھاۋارايىنى بەلگىلىشى بىردەك بولمايدۇ؛ چارۋىچىلار ئۆزلىرى تۇرغان جاينىڭ يەر شارائىتىغا قاراپ ھاۋارايىغا ھەر خىل ھۆكۈم قىلىدۇ. جەنۇبتا كۆپىنچە كۈن ۋە ئايغا قاراپ ھاۋارايىنى مۆلچەر قىلىدۇ؛ شىمالدا بولسا كۆپىنچە ھايۋانلاردىكى ئالامەتلەرگە قارايدۇ.

(ئاپتورنىڭ ئادرېسى: ئاپتونوم رايونى سودا نازارىتى)

# ئۇيغۇرلاردا ئەنئەنىۋى دىنىي مۇزىكا

سەپەر ھۇسەيىن

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنىي مۇزىكىلىرىنى بەش تۈرگە ئاجرىتىشقا بولىدۇ.

## 1. ئادەتتىكى دىنىي مۇزىكىلار

مۇسۇلمانلارنى نامازغا چاقىرىپ ئېيتىلىدىغان ئەزان، مەسچىت ۋە باشقا ھەر خىل سورۇنلاردا ئوقۇلىدىغان قىرائەت، رامزان كۈنلىرى مۇسۇلمانلارنى روزا تۇتۇشقا دەۋەت قىلىپ ئېيتىلىدىغان رامزان ناخشىلىرى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغۇلغان خاتىرە كۈنىدە ئوقۇلىدىغان «مەۋلود» قاتارلىقلار بەلگىلىك مۇزىكا رىتىمى ۋە ئاھاڭدارلىققا ئىگە بولۇپ، ئاساسەن ئەركىن ئوداردا ئېيتىلىدۇ؛ ئۇنىڭ ئاھاڭ شەكلى گويا دېكلاماتسىيە ۋە ئاھاڭدار خىرا (چاقىرىق) غا ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇلار ئادەتتىكى دىنىي مۇزىكىلاردۇر.

## 2. خانىقا مۇزىكىسى

سوپى - ئىشانلارنىڭ پائالىيەتلىرىدە ئوقۇلىدىغان زىكرى - تەلقىن (ھەلقە - ساما) لار خانىقا مۇزىكىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

سوپى - ئىشانلار ئۆزلىرىنىڭ ئاللاغا بولغان مۇھەببىتى، ئېتىقاد - چۈشەنچىسىنى ھەلقە - ساما قىلىش ئارقىلىق ئىپادە قىلىدۇ. ئۇلار ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر كۈنىنى ھەلقە - ساما قىلىش كۈنى قىلىپ بەلگىلەيدۇ، بەلگىلەنگەن كۈندە ئۆزلۈكىدىن خانىقاغا يىغىلىپ، ئىشان ياكى خەلپىنىڭ باشقۇرۇشىدا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ.

پائالىيەت باشلانغاندا ئالدى بىلەن ئىشان خەتمە ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭ كەينىدىن ھاپىزلار ئەركىن ئودار بىلەن مۇقام شەكلىدە ھوكمەت ئوقۇيدۇ، كېيىن ھۆكمەت مۇقىم ئودارغا كۆچىدۇ، بۇ چاغدا ھەممەيلەن بىرلىكتە رىتىملىق ھالدا جەھرە قىلىشقا باشلايدۇ. جەھرىنىڭ سۈرئىتى ۋە ئودار تاكىتلىرى بارغانسېرى تېزلىشىدۇ. جەھرى قىلغۇچىلار ھالقىسمان بولۇپ بىر - بىرىگە يېقىنلىشىپ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى تەڭ ھەرىكەتلەندۈرۈپ، خۇدىنى يوقاتقان ھالدا ھەرىكەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ساماغا چۈشىدۇ. سامانىڭ يۇقىرى باسقۇچىغا كۆتۈرۈلگەندە ھاپىز ئەركىن رىتىم بىلەن ھۆكمەت ئوقۇشنى باشلايدۇ.

ھەلقە - سامادا ئوقۇلىدىغان ئاھاڭلار، ئۇيغۇر خەلق ناخشىلىرى، ئۇسسۇل مۇزىكىلىرى، ھەتتا «12 مۇقام» نىڭ ئاھاڭلىرىغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇلار ئەركىن ئودارلىق ياكى $\frac{2}{4}$ ئودارلىق بولۇپ، ئايرىم چاغلاردا $\frac{3}{4}$ ۋە $\frac{7}{8}$ لىك ئودارغا ئۆزگىرىدۇ.

كۆپچىلىك قوشۇلۇپ ئوقۇغاندا كۆپ يوللۇق ئاكورت ئۈنۈمى ھاسىل بولۇپ، تەسىرلەندۈرۈش كۈچى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ھازىرقى كۈندە ئوينىلىدىغان ساما ئۇسۇلى سوپىلارنىڭ «ساما» سىدىن تەرەققىي قىلىپ، ئومۇملىشىپ تاكامۇللاشقان.

**3. ئاشىقلارنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرى**

ئاشىقلار راۋاب، تاش، قوشۇق، ساپايە قاتارلىق چالغۇلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن ناخشا ئوقۇپ خۇدانى مەدھىيىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى راۋاب چېلىپ ناخشا ئېيتسا، بەزىلىرى بىر قولىدا ساپايە چېلىپ، يەنە بىر قولىدا تاش ئوينىتىپ ناخشا ئېيتىدۇ. بەزىدە ئىككى كىشى بىرلىكتە ئېيتىدۇ. ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ھېيت - بايرام كۈنلىرى ئادەم توپلىشىدىغان بازار ۋە مازارلاردا ئەۋجىگە چىقىدۇ. باشقا چاغلاردا يۇرتمۇ يۇرت، ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**4. باخشى (پىرىخون) لارنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرى**

باخشىلىق جىن - ئالۋاستىلارنى قوغلاپ كېسەل داۋالاش پائالىيىتىدىن ئىبارەت بىر خىل خۇراپىي ئىش. باخشىلار كېسەل داۋالىغاندا، ئارغامچا بىلەن ئۆينىڭ تورىسىغا تۇغ باغلايدۇ. باخشى ناخشا ئوقۇش بىلەن تەڭلا، كېسەل تۇغنى تۇتۇپ چۆگىلەيدۇ؛ باخشى ئۇنىڭ كەينىدە خەنجەر — پىچاقنى تۇتۇپ، كېسەلگە يېنىك تەگكۈزگەن ھالدا ئايلىنىدۇ.

ئۇستا باخشىلار سەنەم، سەلىقە، سۆھبەت قاتارلىق بىر يۈرۈش ئاھاڭلارنى تولۇق ئېيتالايدۇ. ئۇلار ناخشا ئېيتقاندا ئادەتتىكى داپتىن بىر ھەسسە يوغان داپنى چېكىپ ئېيتىدۇ.

**5. مەدداھلىق**

«مەدداھ» ماختىغۇچى دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، مەدداھلارنىڭ نۇتۇق ماھارىتى يۇقىرى، ھېسسىياتى ئىنتايىن كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇلار ھېكايە سۆزلىگەندە سۆزگە قوشۇپ ناخشا توۋلايدۇ. ئۇلار ئوقۇغان ناخشىلارنىڭ ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك بولۇپ ئۇدارى ئەركىن ياكى 7/8 لىك ئۇداردا بولىدۇ. ئاھاڭنىڭ شەكلى ھەم ئېگىز ھەم ئەۋرىشىم بولۇپ، كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىش كۈچىگە ئىگە. مەدداھلار ھېكايە ئېيتقاندا بىر ياكى ئىككى كىشى «دوست» تارتىپ ماسلىشىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر دىنىي مۇزىكىلىرىنىڭ بەزىلىرىدە خۇراپاتلىق ئامىللىرى بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى مۇزىكىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن زىچ؛ شۇڭا ئۇنىڭ مۇزىكا چەمەتتىكى قىممىتىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

(ئۇيغۇرنىڭ ئاتېرىسى: قەشقەر ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى)

# ئۇيغۇرلارنىڭ يەر ناملىرىنى قوللىنىش ئادىتى

سۇلتان مامۇت

ئۇيغۇرچە يەر ناملىرىنىڭ مەيلى ئىستېمالدىن قالغانلىرى ياكى ھازىرمۇ ئىستېمال قىلىنىۋاتقانلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇئەييەن مەنىگە ئىگە قەدىمكى ياكى ھازىرقى ئۇيغۇرچە سۆزلەردىن ئىبارەت بولىدۇ. بەزى يېزا - كەنتلەرنىڭ نامى بىرلا بولمايدۇ؛ شۇنىڭدەك ئاپتونوم رايونىمىز دائىرىسىدە باشقا - باشقا ئورۇنلارغا جايلاشقان بىرنەچچە يېزا - كەنتلەر، ئوخشاش بىر نام بىلەنمۇ ئاتىلىدۇ.

مەن قەدىمكى شەھەر يار كەنتنى مەركەز قىلغان ھەمدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ ناھىيە بولغان يەكەن ناھىيىسىدىكى يېزا - كەنتلەر نامىنى پاكىت قىلىپ تۇرۇپ، ناھىيە تەۋەسىدىكى ئوخشاش بولمىغان يەر ناملىرىنىڭ مەنا جەھەتتىكى تۈرى ۋە ئەسلى تەلەپپۇزى، مەنىسى توغرىسىدا ئىزاھات بېرىش ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ يەر ناملىرىنى قوللىنىش ئادىتىنى تونۇشتۇرىمەن.

1. تەبىئىي تۈزۈلۈشكە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر ناملىرى:

چوڭقۇر قىشلاق — ئەينەن ساقلانغان نام. «قىشلاق — قىشلايدىغان جاي»، «تاغنىڭ ئوتى مول، قېرى ئاز كۈنگەي تەرىپى»، («تۈركىي تىللار دىۋانى» 1 - توم 607 - بەت). ئۇيغۇرلار كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان دەۋرلەردە قىشتا تاغنىڭ كۈنگەي تەرىپىگە كۆچۈپ قىشلىغان بولسا، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئولتۇراقلىشىشقا يۈزلەنگەندىن كېيىن، قىشلاق «يېزا - كەنت» مەنىسىدە قوللىنىلغان. «چوڭقۇر قىشلاق» نامى «چوڭقۇر كەنت» دېگەن مەنىگە ئىگە.

كويلا — ئەينەن ساقلانغان نام. «كويلا — دەريا ئېغىزى»، («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم 599 - بەت). ھازىرمۇ تۈگمەننىڭ نورىدىن سۇ چۈشىدىغان جاي «كويلا» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئارال — ئەينەن ساقلانغان نام. بۇ، سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇقلۇق دېگەن مەنىدە. ھازىرمۇ يەكەن دەرياسى بىلەن زىلچاق ئۆستىڭىنىڭ سۇلۇق ئېقىنلىرى بۇ يېزىنى ئوراپ تۇرىدۇ.

جاڭگاللىق — ئەينەن ساقلانغان نام. ئەسلىدە داۋۇ — دەرەخ، چاتقاللار بىلەن قاپلانغان ئىپتىدائىي ئورمانلىق «جاڭگال» دېيىلەتتى. ھازىر بەزىدە چۆل - جەزىرە، شورلۇق يەرلەرنىمۇ «جاڭگال» دەپ ئاتايدىغان ئەھۋال بار.

تازلا — ئەينەن ساقلانغان نام. «تاز — ئۆسۈملۈك ئاز ئۆسىدىغان، زەي، شورلۇق يەر» («تۈركىي تىللار دىۋانى» 3 - توم 203 - بەت). تازلا — زەي، شورلۇق يەرگە قۇرۇلغان كەنت، دېگەنلىك بولىدۇ.

تېتىر باغ — ئەينەن ساقلانغان نام. «تېتىر سۇسىز، دەرەخسىز قاتتىق يەر»

(«تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم 468 - بەت). تېتىر بلغ ــ سۇسىز، دەرەخسىز يەرگە بىنا قىلىنغان باغ دېگەن مەنىگە ئىگە بولۇپ، كېيىنچە كەنتنىڭ نامى بولۇپ قالغان.

2. قەبىلە، ئۇرۇق ئىسمىغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر ناملىرى:

موغال ــ ئەسلى تەلەپپۇزى «موغۇل»، «موغول ــ قالماق» («تارىخىي ھەمىدى» 80 - بەت). تارىختا چاغاتاي ئەۋلادلىرىنى ئۇيغۇرلار «موغۇل» دەپ ئاتىغان. بۇ ھازىرقى «موڭغۇل» سۆزىنىڭ ئۆزى.

بويلا ــ ئەينەن ساقلانغان نام. «بوي ــ قەبىلە - ئۇرۇق نامى» («تۈركى تىللار دىۋانى» 3 - توم 192 - بەت). بۇ كەنتنىڭ نامى قەدىمكى بىر قەبىلىنىڭ نامىغا ئاساسەن قوللىنىلغان.

3. كەشىلەرنىڭ كەسپىگە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى:

شاپچى ــ ئەينەن ساقلانغان نام. «شاپ ــ بىر خىل ئۆسۈملۈك. كىشىلەر ئۇنى كىر يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ». («تۈركى تىللار دىۋانى» 3 - توم 212 - بەت). ھازىرمۇ ئاپتونوم رايوننىڭ بەزى جايلىرىدا بۇ خىل ئۆسۈملۈكتىن شاخار ئېلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار سوپۇن ئىشلەش تېخنىكىسىنى بىلمىگەن زامانلاردا، شاپ ئۆسۈملۈكى كىر يۇيۇش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئېلىم - سېتىم قىلىنغان. بۇ خۇددى تاغارچى، ئىگەرچى قاتارلىق يېزىلارنىڭ نامى شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ كەسپىگە ئاساسەن قوللىنىلغانغا ئوخشاش، شاپچى كەنتىنىڭ نامىمۇ شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ شاپ ئۆسۈملۈكىنى ئۆستۈرۈپ سېتىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىغا ئاساسەن قوللىنىلغان.

4. ھايۋانات ۋە قۇشلارغا مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى:

ئارسلانباغ ــ ئەينەن ساقلانغان نام. «ئارسلان ــ شىر» («تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم 99 - بەت). ئارسلانباغ ــ ھازىر يەكەن ناھىيىسىدىكى ئاھالىسى شالاڭ جايلاشقان بىر يېزىنىڭ نامى.

قارزاق ــ ئەسلى تەلەپپۇزى «قارساق». «قارساق ــ تۈلكە جىنسىغا كىرىدىغان بىر خىل ھايۋان» («تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم 618 - بەت). ھازىر ئۆزئارا چېگرىداش بولغان ئىككى كەنت «قارزاق» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

تاتاساك ــ ئەسلى تەلەپپۇزى «تارتارساك»، «تارتار ــ پاختەككە ئوخشايدىغان بىر خىل قۇش» («تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم 632 - بەت). «ساك ــ قۇشلارنىڭ مايىقى» («تۈركى تىللار دىۋانى» 3 - توم 488 - بەت). ھازىرمۇ يەكەننىڭ بىر قىسىم يېزىلىرىدا «قۇش ساڭغىرى» دەيدۇ. بۇ «بۆركۈت مايا قلىرى» دېگەن سۆزنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ئېيتىلىشىدۇر.

قۇلان قورۇق ــ ئەينەن ساقلانغان نام. «قۇلان ــ ياۋا ئېشەك» («تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم 541 - بەت). «قورۇق بەگلەرنىڭ مال باقىدىغان مەخسۇس يايلىقى. قورۇغدىلىدىغان ۋە كۆزىتىلىدىغان ھەر قانداق نەرسىمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ». («تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم 486 - بەت). دېمەك، قۇلان قورۇق كەنتىنىڭ نامى مەخسۇس ياۋا ئېشەكلەرنى بېقىپ كۆندۈرىدىغان يايلاق، دېگەن مەنىگە ئىگە.

5. سۈپەتلەش، ئوخشىتىش ئاساسىدا قوللىنىلغان يەر نامىلىرى:

قوغۇش ئېرىق ــ ئەينەن ساقلانغان نام. «قوغۇش ــ نۇر، تۆكمەن نۇرى»، («تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم 478 - بەت). بۇ، خۇددى «چىمەندەك باغ» دېگەن سۈپەتلەش مەنىسىدىكى «چىمە باغ» كەنتىنىڭ نامىغا ئوخشاش، «نۇرغا ئوخشاش ئېرىق» دېگەن ئوخشىتىش مەنىسىگە ئىگە.

6. ئادەملەرنىڭ سۈپەت قىياپىتىگە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى:

چاچلىق ــ ئەينەن ساقلانغان نام. «چاچلىق ــ چاچلىق ئادەم» («تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم 605 - بەت).

پاتمان قاش ــ ئەينەن، ساقلانغان نام. «پاتمان ــ بىر خىل ئۆلچەم سۆزى. مەسىلەن، بىر پاتمان ئەت» («تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم 578 - بەت). پاتمان ئۇيغۇرلار قوللانغان بىر خىل ئېغىرلىق ئۆلچىمى بولۇپ، «قاش» دەريا، ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ قېشىنى كۆرسىتىدۇ.

7. ئىملىق سۆزلەرگە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى:

چەكچەك ــ ئەينەن ساقلانغان نام. «چەك - چەك ــ ئۆچكىنى ھەيدەش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئىملىق سۆز» («تۈركى تىللار دىۋانى». 2 - توم 411 - بەت).

8. شۇ جاينىڭ ئەينى دەۋردىكى تېررىتورىيە دائىرىسىگە ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى:

بەشكەن ــ ئەسلى تەلەپپۇزى ــ «بەشكەنت». بۇ، بەشلا كەنتتىن تەشكىل تاپقان يۇرت، دېگەنلىك بولۇپ، ئۇ بىزگە نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى بىلەن بۇ يېزىنىڭ تەدرىجىي كېڭەيتىلگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي جەرياننى ئەسلىتىدۇ.

9. ئادەم ئىسمىغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى:

مىشا ــ ئەسلى تەلەپپۇزى «مىرشاھ». بۇ ئادەم ئىسمى بولۇپ، بۇ ھەقتە خەلق ئارىسىدىمۇ بەزى رىۋايەتلەر ساقلانغان.

10. خان، پادىشاھلارغا مۇناسىۋەتلىك يەر نامىلىرى:

خانئېرىق، ياندۇرما خانئېرىق، خانكۆۋرۈك، ئاق ئوردا، ئوردا ئۆستەڭ، ئوردا ئېرىق، ئوردا ھويلا، توغچى، توغ ــ ئەلەم قاتارلىق كەنتلەرنىڭ نامىلىرى ھازىرمۇ ئەينەن ساقلانغان بولۇپ، ئۇلار خان، پادىشاھلارغا مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەرنى ئەسلىتىدۇ.

11. مېۋە - چېۋە نامىغا ئاساسەن قوللىنىلغان يەر نامىلىرى:

بادامىلىق، ياڭاقلىق، توغاچ، قوغۇنچىلار، جىگدە ئېرىق كەنتلىرىنىڭ نامى ھازىرمۇ ئەينەن ساقلانغان.

ئاپتورنىڭ ئادرېسى: يەكەن ناھىيىلىك مىللىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپ






ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى بىلەن تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتى ئۆتكۈزگەن 1991 - يىللىق باھار بايرىمى چاي زىياپىتىدىن بىر كۆرۈنۈش.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى ئۆتكۈزگەن 1990 - يىللىق قۇربان ھېيتىنى كۈتۈۋېلىش چاي زىياپىتىدىن بىر كۆرۈنۈش.

سۈرەتتە: مەسلىھەتچىلەر ئىشخانىسى بىلەن تارىخىي ماتېرىياللار تەتقىقات يۇرتىغا تەكلىپ قىلىنغان ئەزالارنىڭ ۋەكىللىرى پىكىر بايان قىلماقتا.






